# ھەرەم خۇتبىلىرى

«سەييىد ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ 1963 - يىلى
زۇلھەججىنىڭ 5 ، 6 ، 7 - كۈنلىرى ھەرەمدە سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى»

”لَبَّيْكَ اَللَّهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ، اِنَّ الْحَمْدَ وَ النِّعْمَةَ لَكَ وَالْمُلْكَ لاَ
شَرِيْكَ لَكَ“

”ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن، مانا ھازىرمەن.
ھېچقانداق شېرىكىڭ يوق، ئى ئاللاھ! مانا ھازىرمەن.
ھەقىقەتەنمۇ بارلىق مەدھىيە ۋە ياخشىلىقلار ساڭىلا خاستۇر.
پادىشاھلىقتا ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر.“

كاملجان ترجمسى

# بىرىنچى خۇتبە

ھەمدۇسانالاردىن كېيىن:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەدىرلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئاللاھ تائالانىڭ بىزلەرگە ھەرەمنى زىيارەت قىلىش شەرىپى ئاتا قىلغانلىقى ھەمدە بىزنى بۇ ئۇلۇغ زېمىندا، بولۇپمۇ مۇقەددەس كەبە ۋە مەسجىدى ھەرەمدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان **"آيات بينات"** (روشەن مۆجىزە، ئالامەتلەر) نى[Θ] كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ ئىنتايىن بەختلىك كىشىلەردىن ئىكەنلىكىمىزنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ زېمىنغا قەدەم قويغان ھەر قانداق بىر كىشى ئاللاھنىڭ ھەممە ئەتراپتا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئەنە شۇ روشەن مۆجىزە، ئالامەتلىرىگە ئەستايىدىل قاراپ، چۈشىنىشكە تىرىشىدىغان بولسا، قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن نۇرلانماي قالمايدۇ.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، بۇندىن تۆت مىڭ يىل ئىلگىرى، پۈتۈن ئەتراپى قۇملۇق بىلەن تولغان بۇ تاغلىق رايون ئادەمسىز ۋە گىياھسىز بىر چۆللۈك ئىدى. شۇ چاغدا، ئاللاھنىڭ بىر ھۆرمەتلىك بەندىسى بۇ زېمىندا تۇت تامنى قوپۇرۇپ، ئۇنى "ئاللاھنىڭ ئۆيى" دەپ جاكارلىغان. ھەمدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇنى تاۋاپ قىلىشقا چاقىرغان. ئەنە شۇ چاقىرىق بىلەن تۆت مىڭ يىلدىن بۇيان ئىنسانلار دۇنيانىڭ ھەممە ئەتراپىدىن **"لەببەيك، لەببەيك"** (ھازىرمىز، مانا ھازىرمىز) دېيىشكىنىچە تاۋاپ ئۈچۈن ھەرەمگە ئۇزۇلمەي كەلمەكتە. شۇندىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر ھەج قىلىنمىغان ياكى كەبىنىڭ ئەتراپى تاۋاپ قىلىنماي قالغان بىرەر

---

[Θ] ئەل ئىمران 97 ـ ئايەت.

www.munber.org

يىلمۇ يوق. بۇ يەردىكى سېھىر كۈچ زادى نېمە؟ ناۋادا بىرەر ئىنسان ئەنە شۇنداق ئۆيدىن يەنە بىرنى ياساپ، ئۇنى ئالەمشۇمۇل قىبلىگاھقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇمكىن بولغان ئىمكانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ، سىناپ باقسا ئىدى، ئاندىن ئۇنىڭغا قانچىلىك ئىنسانىنىڭ كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتى شۇنداقلا ھەرەمنىڭ ئاشۇ تەڭداشسىز سېھرى كۈچىنىمۇ تونۇپ يېتەلىگەن بولاتتى.

مانا بۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئۇچۇق پاكىتتۇر. شۇنداقلا بۇ كەبىنى ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمى ۋە خاھىشى بويىچە بىنا قىلغانلىقىغا، ھەمدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى ھەج قىلىشقا چاقىرغانلىقىغا ئۇچۇق ھۆججەتتۇر. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن مۇقەددەس ھەرەم ۋە ئەنە شۇ مەڭگۈلۈك تارىخىي چاقىرىق شۇ قەدەر جەزبىدارلىققا ئىگە بولغانكى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەممە ئەتراپىدىن بەيتۇللاھقا ئۈزۈلمەي تاۋاپقا كەلمەكتە. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە كەبىنىڭ ئورنىنى ئۆزى تەيىنلەپ بەرگەنلىكىنى شۇنداقلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنى ھەجگە چاقىرىشقا بۇيرىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَإِذْ بَوَّأْنَا لِإِبْرَاهِيمَ مَكَانَ الْبَيْتِ أَن لَّا تُشْرِكْ بِي شَيْئًا وَطَهِّرْ بَيْتِيَ لِلطَّائِفِينَ وَالْقَائِمِينَ وَالرُّكَّعِ السُّجُودِ وَأَذِّن فِي النَّاسِ بِالْحَجِّ يَأْتُوكَ رِجَالًا وَعَلَى كُلِّ ضَامِرٍ يَأْتِينَ مِن كُلِّ فَجٍّ عَمِيقٍ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمغا بەيتۇللاھنىڭ ئورنىنى تەيىنلەپ بېرىپ «ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگىن، تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، قىيام قىلغۇچىلارغا، رۇكۇ قىلغۇچىلارغا، سەجدە قىلغۇچىلارغا مېنىڭ ئۆيۈمنى پاك قىلغىن، كىشىلەرنى ھەجگە

www.munber.org

چاقىرغىنىكى، ئۇلار يىراق - يىراق جايلاردىن پىيادە ۋە تۆگىلەرگە مىنگەن ھالدا كەلسۇن» دېدۇق﴾[Θ]

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، مانا بۇ ئىلاھىي چاقىرىقنىڭ بەرىكىتى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە نەچچە يۈز مىڭلىغان ئىنسانلار ”لَبَّيْكَ اَللَّهُمَّ لَبَّيْكَ“ (ھازىرمىز ئى ئاللاھ! ھازىرمىز) دېگەن تەلبىيە سادالىرىنى ياڭرىتىپ، سەپ - سەپ بولۇپ بۇ مۇقەددەس زېمىنغا كەلمەكتە ۋە كەبىنىڭ ئەتراپىنى پەرۋانىلەردەك ئايلانماقتا. مانا بۇ سىلەر بەيتۇللاھتا ئوچۇق كۆرىۋاتقان ﴿آيات بينات﴾ ﴿روشەن مۆجىزە، ئالامەتلەر﴾ نىڭ بىرىدۇر.

ئەمدى يەنە بىر مۆجىزىنىمۇ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈڭلار. بەيتۇللاھ بىنا قىلىنىۋاتقان چاغدا، ئاللاھ تائالا كەبىنى كىشىلەرنىڭ تەلپۈنىدىغان، جەم بولىدىغان جايىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە تىنچلىق ھەم خاتىرجەملىكنىڭ ماكانىغا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى جاكارلاپ: ﴿وَإِذْ جَعَلْنَا الْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْناً﴾[Θ] ﴿ئۆز ۋاقتىدا بىز كەبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان ئامان جاي قىلىپ بەردۇق﴾. دېگەن ئىدى. بۇ ئېلان جاكارلانغان 4 مىڭ يىلدىن بۇيان بەيتۇللاھ ھەقىقەتەنمۇ تىنچلىق ھەم خاتىرجەملىكنىڭ ماكانى بولۇپ كەلدى. يالغۇز بەيتۇللاھلا ئەمەس بەلكى بەيتۇللاھ جايلاشقان بۇ مەككە شەھىرىمۇ تىنچ - ئامانلىق شەھىرىگە ئايلاندى. ھەتتا مەككە شەھىرىنىڭ نەچچە كىلومېتىرغا سوزۇلغان سىرتقى ئەتراپىمۇ تىنچسىزلىققا يول قويۇلمايدىغان مۇقەددەس ھەرەمگە ئايلاندى. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە ھەرەمدەك شان - شەرەپكە سازاۋەر بىرەر كۆۋادرات مېتىر يەرنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.

---

[Θ] سۈرە ھەج 26 - 27 - ئايەت

[Θ] سۈرە بەقەرە 125 - ئايەت.

www.munber.org

www.munber.org

يالغۇز بۇگۈنكى دونيادىلا ئەمەس بەلكى بۇندىن ئىلگىرىكى ئىنسانىيەت تارىخىدىمۇ (تىنچلىقنى ساقلاش جەھەتتىن) بەيتۇللاھقا ئوخشاش ھۆرمەتلەنگەن ئىككىنچى بىر جاينى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ نەقەدەر ئېھتىرامغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدىغان يەنە بىر رېئال پاكىت شۇكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىن تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىغا كەلگەنگە قەدەر بولغان 2500 يىل جەريانىدا ئەرەبلەر قانۇن - تۈزۈم، قائىدە - پرىنسىپ ۋە مۇنتىزىم ھاكىمىيەت دېگەنلەردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم ھالدا ھايات كەچۈرۈپ كەلگەن بولۇپ، ھەممە ئەتراپىنى قالايمىقانچىلىق بۇلاڭ - تالاڭ، قانلىق ئۇرۇشلار قاپلاپ كەتكەن ئىدى. ھېچكىممۇ ئۆزىنىڭ جېنى، مال - مۈلكى ۋە ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن خاتىرجەم بولالمايتتى. ئەمما ئەنە شۇ 25 ئەسىر داۋامىدا پۈتكۈل ئەرەب زېمىنىدا پەقەت مانا مۇشۇ ھەرەملا مۇكەممەل ئامانلىق ماكانى بولۇپ ساقلىنىپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئەرەبلەرنىڭ يىل - يىللاپ بىر - بىرى بىلەن توختىماي ئۇرۇش قىلىپمۇ قانماي، ئۆز ئىنتىقاملىرىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئۇرۇش خۇمار جاھىل قەبىلىلىرى ھەرقانداق چاغدا ھەرەم دائىرىسى ئىچىگە كىرگەن ھامانلا تىنچلىنىپ قالاتتى. ھەتتا ئۆز دادىسىنىڭ قاتىلىنى ئۇچراتقان كىشىمۇ ھەرەم دائىرىسى ئىچىدە ئىنتىقام ئېلىشقا پېتىنالمايتتى. مانا بۇلار ئاللاھنىڭ بۇ پاك زېمىنىنى ھەقىقەتەنمۇ تىنچلىق ماكانىغا ئايلاندۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. قالايمىقانچىلىققا تولغان بۇ 2500 يىل جەريانىدا، ئاللاھ تائالانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى ۋە ﴿وَمَن دَخَلَهُ كَانَ آمِنًا﴾[Θ] ﴿كىمكى بەيتۇللاھقا كىرسە ئەمىن بولىدۇ﴾ دېگەن پەرمانىنىڭ بەركىتىدىن باشقا

[Θ] سۈرە ئەل ئىمران 97 - ئايەت

ھەر قانداق بىر كۈچ ھەرەمنى ئۇنداق تىنچ ساقلاپ قالالمايتتى. ئاللاھ تائالا قۇرەيش كۇففارلىرىنى مانا بۇ مۆجىزە تەرەپكە ئاللاھەدە دىققەت قىلىشقا ئۈندەپ قۇرئان كەرىمدە:

﴿أَوَلَمْ يَرَوْا أَنَّا جَعَلْنَا حَرَمًا آمِنًا وَيُتَخَطَّفُ النَّاسُ مِنْ حَوْلِهِمْ﴾

﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىۋاتىدۇ﴾[Θ] دېگەن ئىدى.

ھەر قانداق بىر كىشى بۇ مۇقەددەس زېمىندا، ئەرەبلەرنىڭ يىراق تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولسا، تېخىمۇ قالتىس بىر مۆجىزىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ مىللىتى ۋە تىلىنىڭ ئەسلىي ھالىتى بىلەن ساقلىنىپ قېلىشىدا بەيتۇللاھنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغانلىقىدۇر. دۇنيانىڭ ھەر قانداق يىرىدىن يەر كۆلىمى ئەرەب زېمىنىدەك كەڭ، پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر تىللىق، ھەتتا 4000 يىل جەريانىدىمۇ بىرلا تىلنى ئۆزگەرتمەستىن قوللىنىپ كەلگەن بىرەر زېمىن، بىرەر مىللەت ياكى دۆلەتنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇنچە ئۇزۇن تارىخ جەريانىدا تىللار ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ ماڭىدۇ. ئۇنچىلىك كەڭرى زېمىنغا يەرلەشكەن خەلقلەر ئارىسىدا بىر ئەمەس نەچچە ئونلىغان تىللار بارلىققا كېلىدۇ. يەنە كېلىپ نەچچە مىڭ يىلغا قەدەر قەبىلىۋازلىق، تەپرىقچىلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇشلار داۋام قىلغان بۇنداق كەڭ زېمىندا ئۇنداق تىل بىرلىكى ۋە مىللىي بىرلىكنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئەقىلنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان ئاجايىپ مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇنداق مۆجىزىنىڭ بۇ زېمىندا ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ھەرەمدە ئۆتكۈزۈلىدىغان مانا بۇ

[Θ] سۈرە ئەنكەبۇت 67 ـ ئايەت

www.munber.org

ھەج پائالىيىتى سەۋەبچى بولغان. بۇنىڭ جەريانىنى قىسقىچە قىلىپ مۇنداق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا كەبىنى كىشىلەرنىڭ تەلپۈنىدىغان ھەم جەم بولىدىغان ماكانىغا ئايلاندۇرۇپ، كىشىلەرنى ھەجگە چاقىرىق قىلىشقا ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى بۇيرىغان ۋاقتىدا، ھەر يىلنىڭ 4 ئېيىنى (يەنى، زۇلقەدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، ۋە رەجەپ ئايلىرىنى) ھارام ئاي قىلىپ بەلگىلىگەن ھەم بۇ ئايلاردا ئۇرۇش قىلماسلىق ھەج ۋە ئۆمرە ئۈچۈن كېلىدىغان ھاجىلارغا شۇنداقلا قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنىدىغان ئۇلاغلارغا چېقىلماسلىق تەكىتلەنگەن ئىدى . قولىدا ھېچقانداق ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى، ئەسكىرى كۈچى ۋە قانۇن ئىجراچىلىرى بولمىغان ئاددى بىر بەندىنىڭ تىلى ئارقىلىق جاكارلانغان بۇ ھۆكۈم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ تائالانىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتى ۋە ھىمايىسى ئاستىدا ئەنە شۇنداق ئەمەلىيلىشىپ، پۈتكۈل ئەرەبلەرنى ئەۋلادتىن، ئەۋلادقىچە ئۆزگىچە ئەگەشتۈرۈپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ ھۆكۈمنىڭ بەرىكىتى بىلەن بۇ زېمىن يىلدا تۆت ئاي تىنچلىققا ئىگە بولاتتى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كارۋانلار تەرەپ - تەرەپتىن بەيتۇللاھقا تويلىشاتتى. ھەر قايسى قەبىلە كىشىلىرى ئۆز ئارا ئۇچرىشاتتى. ئەركىن سودا - ئالاقە قىلىشاتتى. بۇ جەرياندا ھەر خىل پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىپ، ئەدەبىي، ئىلمىي سورۇنلار ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. مانا بۇ ئىجتىمائىي مۇھىت ئەرەبلەردىكى مىللىي بىرلىك تۇيغۇسىنىڭ ھاياتى كۈچىنى ساقلاپ قالالىغان، ئەرەب تىلىنى، ئەنئەنە، ئۆرۈپ - ئادەتلىرىنى جۇملىدىن ئەرەب مىللىتىنى ئۆزگىرىپ كېتىشتىن قوغداپ قالالىغان. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى دەل مۇشۇ كەبىنىڭ كارامىتى ۋە تۆھپىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەبە بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىر مىللەت يوقىلىپ كېتىشتىن، بىر تىل

www.munber.org

ئۆزگۈرۈپ كېتىشتىن ساقلىنىپ، جەمئىيەتتە ئوخشاشلا بىر تىل ۋە ئوخشاشلا بىر خىل مەدەنىيەت (ھازارەت) دەۋر سۈرەلىگەن. ئەگەر كەبە بولمىغان، جۈملىدىن بۇ ھەج پائالىيىتى بولمىغان بولسا، نەچچە مىڭ يىل داۋاملاشقان قالايمىقانچىلىق ۋە ئىچكى نىزالار ئەرەب مىللىتىنى، مەدەنىيىتىنى شۇنداقلا ئەرەب تىلىنى ئاللىبۇرۇن يوقىتىپ تاشلىغان بولاتتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ شەھەر، يېزا تۇرماق بىرەر جانلىقمۇ ياشىمايدىغان بۇ جايغا ئۆز ئايالى ۋە بالىسىنى تاشلاپ كېتىش ئالدىدا :

﴿رَّبَّنَا إِنِّي أَسْكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِندَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ الصَّلاَةَ فَاجْعَلْ أَفْئِدَةً مِّنَ النَّاسِ تَهْوِي إِلَيْهِمْ وَارْزُقْهُم مِّنَ الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! مەن ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ناماز ئوقۇسۇن ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزق قىلىپ بەرگىن﴾[Θ] دەپ قىلغان دۇئاسىمۇ ئاللاھىدە پىكىر يۈرگۈزىشكە تېگىشلىك مۆجىزە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مانا قاراڭلار، بۇ دۇئانىڭ ھەر بىر سۆزى تولۇق ئىجابەت بولۇپ، بەيتۇللاھنىڭ ئەتراپىدا بۇ مەككە شەھىرى بارلىققا كەلدى. ھەج پائالىيىتى بۇ شەھەرنى پۈتكۈل ئەرەب دىيارىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى. ئەرەبلەرنىڭ سودا كارۋانلىرى دۇنيانىڭ ھەممە جايلىرىدىن بۇ يەرگە كېلىدىغان ۋە بۇ يەردىن ئۆتىدىغان بولدى. ئىسلام كىلىشتىن قانچە ئەسىر ئىلگىرى بۇ شەھەر سودا بازىرىغا ئايلانغان ئىدى. دۇنيادىكى تۈرلۈك ماللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ يەرگە كەلتۈرۈلەتتى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيادىكى

Θ سۈرە ئىبراھىم 37 ـ ئايەت

www.munber.org

ھەر قانداق بىر نەرسىنىڭ بۇ يەردە تېپىلىدىغانلىقىنى كۆرەلەيسىلەر. ئاللاھ تائالا دەل مۇشۇ ھەقتە:

﴿أَوَلَمْ نُمَكِّن لَّهُمْ حَرَمًا آمِنًا يُجْبَى إِلَيْهِ ثَمَرَاتُ كُلِّ شَيْءٍ رِزْقًا مِن لَّدُنَّا﴾

﴿بىز مەككە ئەھلىنى ئامانلىقتا تولغان ھەرەمگە يەرلەشتۈرمىدۇقمۇ؟ ھەرەمگە ھەر تۈرلۈك مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى كەلتۈرۈلىدۇ، (بۇ) بىزنىڭ دەرگاھىمىزدىن چۈشۈرۈلگەن رىزىقتۇر﴾[Θ] دېگەن ئىدى.

قېرىنداشلار، ئاللاھ تائالانىڭ ئەسلىدىلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىش مەقسىتى بولغاچقا ئەرەب مىللىتىگە ھەم ئەرەب تىلىغا ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ مەرھەمەتلەرنى قىلغان. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ـ

﴿وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ، رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ، رَبَّنَا وَابْعَثْ فِيهِمْ رَسُولاً مِّنْهُمْ يَتْلُو عَلَيْهِمْ آيَاتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ الْكِتَابَ وَالْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ إِنَّكَ أَنتَ العَزِيزُ الحَكِيمُ﴾

﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قويۇۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە بىلىپ تۇرغۇچىسەن.

پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزەڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ

---

Θ سۈرە قەسەس 57 ـ ئايەت

قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن.

پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، ئۇلارغا كىتابىڭدىن ۋە ھېكمەتتىن تەلىم بېرىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھكارلىقتىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى﴾[Θ]

ئاللاھ تائالا بۇ دۇئانى ئىجابەت قىلىش ئۈچۈنلا ئەرەب مىللىتىنى ۋە ئەرەب تىلىنى ئۆز پېتى ساقلاپ قىلىشقا ئاللاھدە ئېتىبار بەرگەن. ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ مەزكۇر دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشى نەتىجىسىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مەككە شەھرىدە دۇنياغا كەلگەنلىكى ھەمدە قىيامەتكە قەدەر تەۋھىد (يەنى، ئاللاھنىڭ بىرلىكى) نىڭ بايراقدارى بولغان ئۈممەتنىڭمۇ مۇشۇ يەردە يېتىشتۈرۈلگەنلىكى دەل ئاللاھ تائالانىڭ روشەن مۆجىزە، ئالامەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىراقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىرىنچى بولۇپ مەككە شەھرىدە يەنى، بۇ سەفا تېغىدا تۇرۇپ، پۈتكۈل قۇرەيش قەبىلە ئەزالىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئىسمى بىلەن تولاپ، ھېچقانداق شېرىكى يوق ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشقا چاقىرغان. شۇ چاغدا مەككىنىڭ كاتتىباشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەن. مانا بۇ مۇقەددەس زېمىن، مانا بۇ ئەبۇ قەيس تېغى، مەككىنىڭ مانا بۇ ئېگىز ـ پەس دۆڭلىرىنىڭ، ھەممىسى ئۇلارنىڭ 13 يىل جەريانىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كەرەملەرگە سالغان جەبىر ـ زۇلۇملىرىغا گۇۋاھ! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقىنى يەرگە

---

[Θ] سۈرە بەقەرە 127 ـ 128 ـ 129 ـ ئايەتلەر

www.munber.org

ئۇرماقچى بولۇپ، قىلمىغان رەزىللىكلىرى قالمىغانلار ئاخىرى ئۆزلىرى يەرگە ئۇرۇلدى. مانا بۇگۈن شۇنى كۆرۈپ قويۇڭلاركى، بۇ يەردە ئەبۇجەھىل بىلەن ئەبۇلەھەبنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدىغان بىرمۇ ئادەمنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە كۈنىگە بەش نۆۋەت ھەرەم مۇناردىن «أشهدُ أن محمداً رسولُ اللهِ» «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىدۇر» دېگەن ئەزان ساداسى ياڭرايدۇ.

مەككىنىڭ ھەممىلا يېرىدە مۇسۇلمانلارغا ھېسابسىز زۇلۇم سېلىنىۋاتقان ئاشۇ مەزگىللەردە، كەبىنىڭ تۈۋىدە ھەزرىتى خەبباب بىن ئەرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: ئى رەسۇلۇللاھ! زۇلۇم چەكتىن ئاشتى. ئەمدى بىر دۇئا قىلغان بولسىلا؟ دەپ تەلەپ قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا جاۋابەن: «بىر كۈنى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ، شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، كىشىلەر "سەنئا" ( يەمەننىڭ پايتەختى) دىن "ھەزرەمەۋت"قىچە ھېچنىمىدىن قورقماي، خاتىرجەم سەپەر قىلىدىغان بولىدۇ. ئەمما سىلەر ئالدىراپ كېتىۋاتىسىلەر» دېگەن ئىدى.

ئاردىن بىر نەچچە يىل ئۆتمەيلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ سۆزى رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئىسلام ھاكىمىيىتى پۈتكۈل ئەرەب دىيارىدا تىنچ ئامانلىقنى ئىشقا ئاشۇردى.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بەيتۇللاھقا كىرىپ كەبىنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئوسمان ئىبنى تەلھەدىن ئاچقۇچ سورىغاندا، ئۇ يالغۇز رەت قىلىپلا قالماستىن يەنە ناھايىتىمۇ قوپال سۆزلەرنى قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەمكىنلىك بىلەن تولۇق ئاڭلىغاندىن كېيىن

www.munber.org

ئۇنىڭغا: ـ ئى ئوسمان! سەن چوقۇم بىر كۈنى بۇ ئاچقۇچنىڭ مېنىڭ قولۇمدا بولىدىغانلىقىنى ھەمدە كىمگە بېرىشىمۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالىسەن» دېگەن ئىدى.

ئوسمان: ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ كۈن قۇرەيش ئەھلىگە نىسبەتەن ھالاكەت ھەم خارلىققا تولغان كۈن بولىدۇ » دەپ جاۋاب بەرگىنىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ياق، ئۇ كۈن قۇرەيش ئەھلىگە نىسبەتەن شان ـ شەرەپ قازانغان كۈن بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

بۇ سۆزمۇ رېئاللىققا ئايلاندى. ئارىدىن 10 يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا مەككە مۇكەررەمە فەتھى قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئىبنى تەلھەنى كەبىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپشۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئوسمان ئىبنى تەلھە ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاچقۇچنى دەرھال تاپشۇردى. شۇ چاغدا ھەزرىتى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچقۇچ تۇتۇش ۋەزىپىسىنى بەنى ھاشىم قەبىلىسىگە تاپشۇرۇشنى قاتتىق ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنىلا ئوسمان ئىبنى تەلھەگە تاپشۇرۇپ: «**خذوها خالدة تالدة لا ينزعها منكم الا ظالم**» «بۇنى مەڭگۈلۈك ئۇچۇن ئېلىڭلار. زالىمدىن باشقا ھېچ كىشى ئۇنى سىلەردىن تارتىۋالمايدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ سۆزمۇ تولۇق رېئاللىققا ئايلىنىپ، بۈگۈنگە قەدەر كەبىنىڭ ئاچقۇچى ئەنە شۇ جەمەت ئەۋلادلىرىنىڭ باشقۇرىشىدا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە خەلقىگە «**كلمة واخذة تعطو فيها تملكون با العرب و تدين لكم با العرب**». «شۇنداق بىر كەلىمىنى ئاراڭلاردا ئوتتۇرىغا قويماقچىمەنكى، ئەگەر ئۇنىڭغا ئەگەشسەڭلار بارلىق ئەرەبلەر ھەتتا ئەجەملەرمۇ سىلەرگە ئىتائەت قىلىدىغان بولىدۇ» دېگەن ئىدى. شۇ چاغدا قۇرەيش

www.munber.org

ئەھلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى "يالغان ئېيتىۋاتىدۇ" دەپ ئويلاپلا قالماستىن بەلكى يەنە «ئەگەر ئۇ سۆزگە ئەگەشىدىغان بولساق پۈتكۈل ئەرەب پارچىلىنىپ تۈگىشىدۇ، بىزنىڭ بىرەر دۆلىتىمىز بولۇشى ئۇياقتا ھەتتا مەۋجۇتلىقىمىزمۇ ئۆزىنى ساقلاپ قالالمايدۇ» دېيىشكەن ئىدى. ئۇلار «ئەگەر بىز بۇ كۆرسەتمىگە ئەگىشىدىغان بولساق، ئۆز ئورنىمىزدىن يۇلۇپ تاشلىنىمىز» دېيىشەتتى. ئەمما ئاقىۋەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن چىققان ھەر بىر سۆز ئەمەلىيەتكە ئايلاندى. ئاشۇ سۆزنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانلار ئۆزۈنغا بارمايلا پۈتكۈل ئەرەب ھەم ئەجەملەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئىسلام خەلىپىلىكىنى شۇنداقلا ئۆز ئىچىدىن (يەنى قۇرەيش ئەھلىدىن) بولغان خەلىپىلەرنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىكى ئاشۇ ئۇلۇغ سەلتەنەتنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈشتى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن تاكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىغىچە كەبە پەقەت ئەرەبلەرنىڭلا جەم بولىدىغان مەركىزى ئىدى. يالغۇز ئەرەب خەلقىلا ھەج قىلغىلى كېلەتتى. ئەمما ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك تىلى ئارقىلىق «**حيث ما كنتم فولوا وجوهكم شطرة**» «قەيەردە بولماڭلار نامازدا كەبە تەرەپكە يۈزلىنىڭلار» دېگەن ھۆكۈم بىلەن بىرگە «**ولله على الناس حج البيت من استطاع اليه سبيلا**». «بەيتۇللاھنى ھەج قىلىش ئۇنىڭغا يېتىپ كېلىشكە قادىر بولالايدىغان كىشىلەر ئۈستىدىكى ئاللاھنىڭ ھەققى» دېگەن ھۆكۈمنى ئېلان قىلىشى بىلەن كەبە پۈتكۈل دۇنيانىڭ قىبلىگاھى ھەم مەركىزىگە ئايلاندى. مانا ھازىرقى دۇنيادا كەبە تەرەپكە يۈزلىنىپ ناماز ئوقۇمايدىغان، شېرىكسىز ئاللاھقا ئىشىنىدىغانلار ھەج ئۈچۈن كېلىشنى خالىمايدىغان بىرمۇ رايون يوق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاشۇ ھۆكۈمنى ئېلان قىلغان چاغدا ئىسلامنىڭ نوپۇزى پەقەت مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەلگىلىك رايونلار ئىچىدىلا كۈچكە ئىگە ئىدى. ئۇ چاغدا ھېچكىممۇ بۇ ھۆكۈمنىڭ پۈتكۈل يەرشارىدا بۇ قەدەر كەڭ دائىرىدە ئەمەلىيلىشىدىغانلىقىنى، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ ھازىرقىدەك بىرلا ۋاقىتتا ئۆزلىگىدىن بۇ جايغا تويلىشىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. قىسقىسى ھەرەمگە ئەنە شۇنداق جەلىبكارلىقنى شۇنداقلا ھەممە تويلىنىشقا ئىنتىلىدىغان مەركەزلىكنى ئاتا قىلغان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىدۇر.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، مېنىڭ يۇقىرىدا سىلەرگە بايان قىلىپ ئۆتكەنلىرىم ئاللاھ تائالانىڭ ساناپ تۈگەتكىسىز مۆجىزە، ئالامەتلىرىنىڭ ئازغىنە بىر قىسمى. ئاللاھ سىلەرنى بۇ زېمىنغا زىيارەتكە كېلىشكە مۇيەسسەر قىلغان بۇ سائادەتلىك پۇرسەتتىن تولۇق مەنپەئەتلىنىپ، ئۆز ۋەتىنىڭلارغا تېخىمۇ پۇختا، چوڭقۇر ئىمان بىلەن قايتىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ يەردە بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان مەزكۇر ئالامەتلەر قەلبىمىزنى «كەبە ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ ئۆيى. ئۇنى بىنا قىلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، ھەمدە بۇ كەبىنى شېرىكچىلىك ۋە بۇتپەرەسلىك نىجاسەتلىرىدىن مەڭگۈلۈككە تازىلاپ، پۈتكۈل دۇنيا ئۈچۈن تەۋھىد (ئاللاھنىڭ بىرلىكى) نىڭ ھەممە تەلپۈنىدىغان مەركىزىگە ۋە قىبلىگاھىغا ئايلاندۇرغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئەلچىسى» دېگەن تەۋرەنمەس ئىشەنچ ۋە ئىمانغا تولدۇرۇۋېتىشكە پۈتۈنلەي يېتەرلىك.

وآخر دعوانا ان الحمد لله رب العالمين

www.munber.org

# ئىككىنچى خۇتبە

ھەمدۇساناالاردىن كېيىن:

ئەسسالام ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ زاھىرى ھەم باتىنى بولىدۇ. "زاھىرى" دېگىنىمىز، ئىبادەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن تاشقى ھەرىكەت شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. "باتىنى" دېگىنىمىز، ئەنە شۇ ھەرىكەت شەكلىگە مۇجەسسەملەشكەن ھەم ئەشۇ شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنغان ئىچكى مەنا ۋە مۇددىئانى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: نامازنىڭ زاھىرى دېگىنىمىزدە، قىبلىگە يۈزلىنىش، رۇكۇ قىلىش، سەجدە قىلىش، ئولتۇرۇش، قوپۇش... قاتارلىق سىرتقى شەكىللىرى كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. ئەسلىدە نامازنىڭ بۇ سىرتقى شەكىللىرى پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىدا كىبىرلىك ۋە مەنمەنلىكنى تاشلاپ، بەندىچىلىكنى ئىزھار قىلىش، ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكىنى ھەمدە ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىزلىغىنى ئېتىراپ قىلىش، بىلەن بىرگە ئېغىزى ئارقىلىق تەلەپ، مۇددىئالىرىنى بايان قىلىش، قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھەر قانداق بىر كىشى نامازنىڭ زاھىرى شەكىللىرىنى ئەھكامىغا ئۇيغۇن تولۇق ئادا قىلسىلا، ئۇ نامازنىڭ قانۇنلۇق شەرتلىرىنى ئادا قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھېچكىممۇ ئۇ كىشىنى نامازنى ئادا قىلمىدى، پەرزى ئادا تاپمىدى، دېيەلمەيدۇ. ئەمما ئازراقلا ئويلىنىپ باقىدىغان بولساڭلار، شۇنى ئۆزلۈكسىز ھېس قىلماي تۇرالمايسىلەركى، ئېغىزىدا ئوقۇلىۋاتقان زىكىر، تەسبىھلەرنىڭ مەنىلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغان، ھەر بىر ھەرىكەتنى روھىي ماھىيىتى بىلەن چۈشىنىپ ئادا قىلىدىغان ئادەملا نامازنىڭ مەنپەئەتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

www.munber.org

ھەج قىلىشمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ھەج ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئۇسۇل، قائىدىلەر مەيلى چۈشۈنۈپ ئورۇندالسۇن ياكى چۈشىنىلمەي ئورۇندالسۇن، ھەر ھالدا قىلغان ھەج ئادا تاپقان بولىدۇ. ئۇستىڭلاردىكى پەرزمۇ ساقىت بولغان بولىدۇ. ناۋادا ھەجنىڭ بۇ تاشقى پائالىيەت شەكلىنىڭ ھەر بىر تۈرىگە مۇجەسسەملەشكەن ئىچكى مەنىلىرىنى ياخشى چۈشىنىپ، ھەج پائالىيەتلىرىنى داۋام قىلىش جەريانىدا قىلىنىۋاتقان ھەر بىر ئەمەلنىڭ مەقسىتى ۋە غايىسىنىمۇ ئاللاھىدە كۆزدە تۇتۇدىغان بولساڭلار، ئۇ چاغدا ھەج قىلىشنىڭ مەقسىتى كامالەتكە يەتكەن بولىدۇ، شۇنداقلا قىلغان ھەجنىڭلارمۇ ھېسابسىز پايدا ـ مەنپەئەتلەرگە ئېرىشكەن بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۈگۈن ھەج پائالىيىتىنىڭ ھەر بىر ئەمەلىي ئۆز ئىچىگە ئالغان ماھىيەت، مەنىلەر ئۈستىدە ئاددى قىلىپ توختالماقچىمەن.

www.munber.org

www.munber.org

# ئېھرامغا كىرىش

ئېھرامغا كىرىش ھەج پائالىيەتلىرى ئىچىدىكى تۇنجى ئەمەل بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق بىر ھاجى كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلاپ، تاكى ئېھرامغا كىرمىگىچە مىيقاتتىن ئۆتسە بولمايدۇ. شۇنىڭدەك مەككىدىن ھەجگە نىيەت قىلغان كىشىمۇ ئالدى بىلەن كىيىم ئالماشتۇرۇپ، ئېھرامغا كىرىشى لازىم. ئېھراملىق ئىككى پارچە رەختتىن ئىبارەت ناھايىتىمۇ غەربانە كىيىم بولۇپ، بىر پارچىسىنى مۆرىمىزگە تاشلاپ يەنە بىر پارچىسىنى بەلنىڭ ئاستىغا ئورىۋالىمىز. بېشىمىز ئوچۇق قالىدۇ. مانا بۇلار ئېھرام ئوراشنىڭ زاھىرى شەكلى. ناۋادا ئازراقلا تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، بۇ كىچىككىنە ئەمەلنىڭ قانچىلىك كاتتا مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز.

ئارىمىزدا ئۇچىسىغا كىيىۋالغان تون، كىمخاپ، فورمىلار بىلەن ئۆزىنى ئەسلىدىكى سالاھىيىتىدىن ئۈستۈن چاغلىمايدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا ھەج باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئەنە شۇ تون، كىمخاپ، فورمىلىرىمىزنىڭ ئورنىغا ئېھرام باغلاتقۇزۇپ: ـ سەن دېگەن بەندە، ئەگەر مېنىڭ ھوزۇرۇمغا كېلىمەن دەيدىكەنسەن چوقۇم بەندىلىك سالاھىيىتىڭ بىلەنلا كېلىشىڭ لازىم، سېنىڭ پادىشاھ، ۋەزىر، رەئىس، مىنىستىر، گېنېرال، مەيلى نېمە بولۇشىڭدىن قەتئىي نەزەر، مېنىڭ ئالدىمدىكى سالاھىيىتىڭ پەقەتلا بىر بەندە» دېگەنلەرنى ھېس قىلدۇرۇشنى ئىرادە قىلىدۇ. دېمەك، ئېھرام ئىنساننىڭ بارلىق شان ـ شەۋكەت، ھوقۇق، ئىمتىيازلىرىنى يوقىتىپ تاشلاپ، ئىنساننى ھەقىقىي بەندىلىك ماقامىغا يەتكۈزىدۇ. مۆتىۋەر، كاتتا ئەرباپلارنىمۇ ئادەتتىكى پۇقرالارنىڭ سېپىگە ئەكىلىپ تىزىدۇ. ئېھرام ھالىتىدە ھاجىلار تويىغا نەزەر سالىدىغان بولساڭلار، كىم خار، كىم ئەزىز، كىم باي، كىم غېرىپ،

كىم ھاكىم، كىم مەھكۇم پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ھەممەيلەن ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا يىغىلغان غېرىپلارغا ئوخشايدۇ. ئېھرام ئەنە شۇنداق ئىجتىمائىي پەرقلەرنى باراۋەرلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلاردىكى ئىرقىي ۋە جۇغراپىيىۋى پەرقلەرنىمۇ يوقىتىپ تاشلايدۇ. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كېلىۋاتقان ھاجىلار ھەر خىل مىللىي كىيىملىرىنى كىيىشىپ ھەجگە ئاتلىنىدۇ. ئەمما ئىسلام مەركىزىگە ئازلا قالغان "مىيقات" دېگەن بەلگىلەنگەن رايونغا كەلگەندە، ئۇلارنىڭ بارلىق مىللىي كىيىملىرى سالدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا ھازىر بولغان ۋاقىتىدا "مۇسۇلمان، ئىنسان" دېگەندىن باشقا سالاھىيىتىنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن ئېھرامدىن ئىبارەت بىر خىللا كىيىم كىيدۈرىلىدۇ. مۇسۇلمانلار ئارىسىدا "ھەممەيلەن ئوخشاشلا بىر مىللەت" بولۇشتەك بىرلىك تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىش ئۈچۈن بەلكىم بۇنىڭدىنمۇ ئۈنۈملۈك ئىككىنچى بىر تەدبىر بولمىسا كېرەك. كۆز ئالدىڭلاردا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەشۇ مىغ - مىغ ھاجىلار تويغا قارايدىغان بولساڭلار، ئېھرامنىڭ خاسىيىتى بىلەن گوياكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بىر يۇقرا، ئوخشاشلا بىر مىللەتتەك كۆرۈنىپ، ئىرقىي، جۇغراپىيىۋي پەرىقلەر كۆزدىن يوقىلىدۇ.

ئېھرام باغلاش ئىنسانلارنى ھايۋانىي خۇسۇسىيەتلەردىن يىراقلاشتۇرۇپ، پەرىشتىلەرنىڭ ماقامىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئېھرامدا تۇرغان ئىنسان بىرەر تال چىۋىنىنىمۇ ئۆلتۈرەلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ بىرەر تال مويىنىمۇ يۇلالمايدۇ. ئوۋ ئوۋلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، باشقىلارنىڭ ئوۋ ئوۋلىشىغىمۇ ياردەملىشەلمەيدۇ. گىرىم، زىبۇزىنەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىشمۇ چەكلىنىدۇ. ھەتتا ئۆز نىكاھىدىكى ھالال ھېسابلىنىدىغان ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىش ئېھراملىق ھالەتتە ھارام ھېسابلىنىدۇ. ئايالىغا شەھۋانىي تۇيغۇلىرىنى ئىزھار قىلىشمۇ قەتئىي چەكلىنىدۇ. شەھۋانىي سۆزلەرنى قىلىش،

www.munber.org

تىللىشىش، ئۇرۇش - ماجىرا قىلىش ھەممىسى مەنئىي قىلىنىدۇ. ھەتتا ئۆز خىزمەتكارىنى سىلكىشكىمۇ يول قويۇلمايدۇ. دېمەككى ئىنسان ئېھرامغا كىرىش بىلەن تەڭلا ئاللاھنىڭ مىسكىن بەندىسىگە ئايلىنىدۇ. بارلىق ئارمانلىرى ۋە نەپسى خاھىشلىرىنى چۆرۈپ تاشلايدۇ. دۇنيادىكى ھەممە نەرسە ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ھېچكىمگە، ھېچنېمىگە زىيان يەتمەيدۇ. ئۇ ئەمدى ھېلىقى زومىگەر، زالىم ئەمەس، بەلكى دۇنيالىقتىكى بارلىق لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ۋۇجۇدىدىكى مەغرۇرلۇق ۋە مەنمەنلىكنى چىقىرىپ تاشلىغان ئاجىزغىنە بىر بەندە. تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆز ھاجەت، مۇددىئالىرىنى پەرۋەردىگارىنىڭ ھوزۇرىغا سۇنۇش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئاددى بىر مۇساپىر.

قېرىنداشلار، مانا بۇ ھەقىقىي ئېھرام روھىي. ناۋادا سىلەر غۇسلى قىلىپ ياكى تاھارەت ئېلىپ دىگەندەك ئېھرامغا كىرىشنىڭ قائىدىلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئېھراملىق ھالەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن چەكلىمىلەرگە رىئايە قىلساڭلار، بۇ ئەمەلنىڭ تاشقى ھەرىكەت شەكلىنى ئورۇندىغان بولۇسىلەر، ئەمما ئېھرامغا كىرىش جەريانىدا نېمە ئۈچۈن ئېھرامغا كىرىۋاتقانلىقىڭلارنى تەسەۋۋۇر قىلالمىساڭلار، بۇ ئەمەل گوياكى بىر جانسىز جەسەتكە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ جانسىز جەسەتكە ھاياتلىق بەخش ئېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئېھرامنىڭ ئەسلى مەقسىتى بولغان يۇقىرىقى روھىي كەيپىياتنى ۋۇجۇدۇڭلاردا پەيدا قىلىشىڭلار لازىم. ئېھرام ئۈچۈن بەلگىلەنگەن چەكلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلمىغان كىشى شەرىئەتنىڭ نەزىرىدە ئېھراملىق ئادەم بولۇپ ھېسابلىنىۋېرىدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىقىي ئېھراملىق ئادەم، ئېھرامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ھەقىقىي ئاجىز، مىسكىن بەندىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئىدىيىسىدىكى مەنمەنلىك، مىللىي ئەسەبىيەت ۋە ئائىلە - نەسەب،

www.munber.org

قەبىلىۋازلىق دېگەندەك بىرتەرەپلىمە قاراشلارنى پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلىيالىغان، بارلىق مەخلۇقاتلارغا نىسبەتەن ياخشىلىق ۋە رەھىمدىللىكنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالالىغان، دۇنيا ھاياتىنىڭ زىننەتلىرى ھەم راھەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئۆزىنى ئاللاھنىڭ ئىشقىغا مۇشۇ بىر نەچچە كۈن بولسىمۇ ئاتىيالىغان كىشىدۇر.

## تەلبىيە ئېيتىش

ئېھرامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن «لَبَّيْكَ اَللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ لَبَّيْكَ، اِنَّ الْحَمْدَ وَ النِّعْمَةَ لَكَ وَ الْمُلْكَ لاَ شَرِيْكَ لَكَ» «ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن، مانا ھازىرمەن. سېنىڭ ھېچ قانداق شېرىكىڭ يوق ئى ئاللاھ! مانا ھازىرمەن. ھەقىقەتەنمۇ بارلىق مەدھىيىلەر ساڭىلا مەنسۇپ. بارلىق ياخشىلىق ھەم پادىشاھلىق ساڭىلا خاستۇر. سېنىڭ ھېچقانداق شېرىكىڭ يوقتۇر» دەپ تەلبىيە ئېيتىسىلەر، ناۋادا ئېيتىۋاتقان ئاشۇ تەلبىيەنىڭ مەنىسىگە ئازراقلا دىققەت قىلىدىغان بولساڭلار، گوياكى خوجايىنى چاقىرغان بىر قۇلنىڭ "لَبَّيْكَ، لَبَّيْكَ" «ھازىرمەن، مانا ھازىرمەن» دېگىنىچە خوجايىنىغا توختىماي مەدھىيە ئوقۇپ، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بىر غايىۋى تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولالايسىلەر. خۇددى شۇنىڭدەك ئاللاھ سىلەرنى كەبىگە، ئەرەفاتقا، مۇزدەلىپىگە ۋە مىنالارغا چاقىرغان ۋاقىتتا توختىماستىن تەلبىيە ئېيتىسىلەر. شۇ جەرياندا بۇ سۆزلەرنى تولۇپ ماڭساڭلار تەلبىيە ئېيتىشنىڭ شەرئىي تەقەززاسىنى ئورۇندىغان بولىسىلەر، ئەمما ئۇنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئاشۇ سۆزلەرنى ئېغىزىڭلاردا دېيىش ئارقىلىق ئۆزەڭلارنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ھەم قۇلى ئىكەنلىكىڭلارنى، ئاللاھ چاقىرغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىگە "لَبَّيْكَ اَللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ" "ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن" دەپ كېتىپ بارغانلىقىڭلارنى ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلىشىڭلار لازىم. ھەر قانداق ئىنسان ئۆزىگە ئوخشاش بىر ئەرزىمەس بەندىنى

www.munber.org

ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان شۇنچە كاتتا زاتنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا، تەلبىيە ئېيتىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ناھايىتىمۇ ھوزۇرلۇق ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ ھەقىقەتەنمۇ كاتتا بەختىيارلىق ھەم ئادەم تېتىپ قانمايدىغان لەززەت.

## ھەرەمگە كىرىش

سىرتتىن كەلگەن ھەر قانداق بىر ھاجىدا مەككىگە يېتىپ كېلىپلا بەيتۇللاھنى تېزراق كۆرۈش ئىستىكىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. ھەم شۇنداق ئىستەك بولۇشى لازىم. ھەرەمگە كىرگەن ئادەمنىڭ نەزىرى بەيتۇللاھقا چۈشىشى بىلەن ئادەمنىڭ قەلبىدە ئاللاھقا بولغان ئاجايىپ بىر خىل ھەيۋەتلىك ئەيمىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن قەلب ئۆزلىكىدىن كەبىگە تەلپۈنىدۇ. ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتمۇ دەل شۇنداق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق چاغدا تىل ھەم دىل بىلەن **"الله أكبر لا اله الاالله والله أكبر"** "ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا، ھېچقانداق شېرىكى يوق ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا" دېيىش لازىم. ھەمدە يەنە تۆۋەندىكى دۇئالارنى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن ئوقۇش لازىم.

**﴿اَللّٰهُمَّ زِدْ هٰذَا الْبَيْتَ تَعْظِيْمًا وَتَشْرِيْفًا وَتَكْرِيْمًا وَمَهَابَةً وَّبِرًّا﴾**

﴿ئى ئاللاھ! بۇ ئۆيگە تېخىمۇ كۆپ شان - شەرەپ، ئۇلۇغلۇق ۋە ھەشەمەت ئاتا قىلغىن، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىقلارنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرغىن﴾

**«اَللّٰهُمَّ اَنْتَ السَّلاَمُ ، وَمِنْكَ السَّلاَمُ فَحَيِّنَا رَبَّنَا بِالسَّلاَمِ»**

«ئى ئاللاھ! ئۆزەڭ ھەممە ئەيىب - نۇقسانلاردىن پاكسەن، سەنلا بارلىق ئەيىب - نۇقسانلاردىن سالامەت قىلىسەن، ئى ئاللاھ! بىزگە جىسمانى ھەم روھىي جەھەتتە ساغلام ھايات ئاتا قىلغىن».

www.munber.org

بۇ دۇئالارنى ئەرەبچە ئوقۇش مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى شۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان دۇئالارنى قىلىش. ئەگەر ئەرەبچىسىنى ئوقۇشتا ياكى ياد ئېلىشتا قىيىنچىلىق ھېس قىلساڭلار، ئاشۇ مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بىلەن ئۆز تىلىڭلاردا دۇئا قىلساڭلارمۇ بولۇۋېرىدۇ.

## تاۋاپ

ھەرەمگە كەلگەن ھەرقانداق ھاجى ئالدى بىلەن كەبىنى تاۋاپ قىلىدۇ. ئېھرامغا كىرىدىغان چاغدا "ھەج تەمەتتۇ"[Θ]غا ۋە ياكى "ھەج قىران"[Θ]غا نىيەت قىلغانلار ئۆمرە تاۋابىنى قىلىدۇ. "ھەج ئىفراد"[Θ] قىلىشقا نىيەت قىلغانلار بولسا، "تاۋاپى قەدۇم" دېيىلىدىغان دەسلەپكى تاۋاپنى قىلىدۇ، بۇندىن باشقا يەنە ھېيت كۈنى تاۋاپ ئىفازە، مەككىدىن ئايرىلىدىغان چاغدا "تاۋاپ ۋىدا" قىلىدۇ. بۇ پەرز تاۋاپلاردىن باشقا يەنە نەپلە تاۋاپلارنىمۇ كۆپلەپ قىلىش لازىم. چۈنكى سىرتتىن كەلگەنلەرگە نىسبەتەن مەككىدە تۇرۇش داۋامىدىلا تاۋاپ قىلىش پۇرسىتى نېسىپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنداق پۇرسەتنى غەنىمەت بىلمەك لازىم.

ئەمدى تاۋاپنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە كەلسەك، ئۇ بەندىلەرنىڭ شۇنچە ھەددى ھېسابسىز ئىنئام - ئىكراملارنى ئاتا قىلغۇچى ئاللاھقا بولغان ئىخلاسى ۋە ئۆزىنى بېغىشلىغانلىقىنىڭ ئىزھارى بولۇپ، ئىنسانلار ئەنە شۇنداق ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقىنىچە ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ بىز ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيدىغان ۋە ئەتراپىنى ئايلىنالايدىغان بولۇشتەك سۈپەتلەردىن پاك زاتتۇر. ئەمما بىزنىڭ ئۆزىمىزنى

---

[Θ] ھەج تەمەتتۇ قىلىدىغانلار دەسلەپتە ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىپ، ھەجگە يەنە قايتا ئېھرام باغلايدۇ.

[Θ] ھەج قىران قىلغانلار ئېھرامغا بىرلا كىرىش بىلەن ئۆمرە ۋە ھەجنى تامام قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئېھرامدىن چىقىدۇ.

[Θ] ھەج ئىفرات، پەقەت ھەج قىلىشنىلا كۆرسىتىدۇ.

www.munber.org

ئاتاش ۋە ئاللاھ ئۈچۈن قۇربان قىلىشتەك چىن تۇيغۇلىرىمىزنى تەسكىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا مانا بۇ كەبىنى ئۆز ئۆيى قىلىپ بەلگىلەپ بەرگەن. ھەمدە ”ماڭا ئۆزىنى بېغىشلاشنى ئارزۇ قىلىدىغانلار بۇ ئۆيۈمنى تاۋاپ قىلىش ئارقىلىق قەلبىڭلارغا تەسكىن تېپىڭلار“ دەپ كۆرسەتمە بەرگەن. شۇڭلاشقا كەبىنى خۇددى ئاشىق ئۆز مەشۇقىغا پىدا بولۇۋاتقاندەك ئىشق تۇيغۇسى بىلەن تاۋاپ قىلىش لازىم.

تاۋاپ قىلىش ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈش بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ ماھىيەتتە بىر تاشنى سۆيگەنلىك ئەمەس، بەلكى مەھبۇبىمىزنىڭ بوسۇغىسىنى سۆيگەنلىكىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك تاۋاپتىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بولۇپلا كەبىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىلىپ دۇئا قىلغىنىمىزدىمۇ ”پەرۋەردىگارىمنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىلىپ دۇئا قىلىۋاتىمەن“ دېگەن چۈشەنچ بىلەن قىلىشىمىز لازىم. ھەقىقەتەنمۇ پەرۋەردىگارىمىز بىز ئېتەككە ئېسىلالايدىغان بولۇشتەك سۈپەتلەردىن پاك زاتتۇر. ئەمما قەلبىمىزدىكى نالە، پەرياد، ئارمانلىرىمىزنى سۆيۈملۈك پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ئېتەككە ئېسىلغان ھالدا بايان قىلىۋېلىشتەك ئارزۇيىمىزغا تەسكىن بولسۇن ئۈچۈن مېھرىبان پەرۋەردىگارىمىز بىزگە بۇ ئۆيىنى بىنا قىلدۇرۇپ بەرگەن. شۇڭلاشقا بىز ئۇنىڭ بوسۇغىسىغا ئېسىلىپ قەلبىمىزنى تەسكىن تاپقۇزىمىز.

تاۋاپ جەريانىدا ئوقۇش ئۈچۈن يېزىلغان ئۇزۇن، قىسقا دۇئالارنى ياد ئېلىش ياكى ئوقۇشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق. يەنە كېلىپ، بىرسى ئالدىدا دۇئا ئوقۇپ ماڭدىغان، ئارقىدىن بىر توپ ھاجىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چالا - پۇچۇق دوراپ ئوقۇيدىغان ئىش تېخىمۇ ئورۇنسىز. شەرىئەت ھېچقاچان ”چوقۇم ئاشۇ دۇئالارنى ئوقۇش كېرەك“ دەپ بەلگىلىگەن ئەمەس. تاۋاپنى باشلاشتا ھەجەر ئەسۋەدكە يۈزلىنىپ تۇرۇپ،

www.munber.org

خۇددى نامازغا قول كۆتۈرگەندەك قولۇڭلارنى كۆتۈرۈپ، «**بسم الله، الله أكبر، لا إله إلا الله، ولله الحمد**» دەپ باشلىساڭلار كۇپايە قىلىدۇ. تاۋاپ قىلىش جەريانىدا ئاللاھنى قانچە كۆپ زىكىر قىلىپ قانچە كۆپ دۇئا قىلساڭلار شۇنچە ياخشى. زىكىر قىلىش ئۈچۈن «**سبحان الله، الحمد لله، لا إله إلا الله، الله أكبر**» نى كۆپرەك ئوقۇش يېتەرلىك. دۇئا قىلىشتا قەلبىڭلاردا بار بولغان ئارزۇ - ئارمانلىرىڭلارنى مەيلى قايسى تىلدا بولمىسۇن تىلىسەڭلارلا بولىدۇ.

ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيۈش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىتتىرىشىپ يۇرىشى قەتئىي توغرا ئەمەس. بىر - بىرىگە ئازار بېرىش ھەجنىمۇ زايا قىلىۋېتىدىغان قىلمىش. بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئاشۇ قىستاڭچىلىقتا سىقىلىپ كىرىشى قەتئىي خاتا. شەرىئەت ”ھەجەر ئەسۋەدنى زادى سۆيمىسە بولمايدۇ“ دەپ بەلگىلىگەن ئەمەس. ناۋادا قىستالماي سۆيۈش مۇمكىن بولمىسا، ھەر قېتىملىق ئايلىنىش ئاياغلاشقاندا ھەجەر ئەسۋەدنىڭ ئۇدۇلىدا توختاپ، قولى بىلەن ئىما قىلىپ، قولىغا سۆيسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ.

تاۋاپتىن كېيىن سەئيى قىلىدىغان ھاجىلار (يەنى پەرز تاۋاپ قىلىدىغان ھاجىلار) تاۋاپ جەريانىدا ”ئىستىبا“ ۋە ”رەمەل“ قىلىشى لازىم. ”ئىستىبا“ دېگەنلىك، ئوڭ بىلىكى بىلەن مۈرىسىنى ئوچۇق قويۇشنى كۆرسىتىدۇ. ”رەمەل“ دېگەنلىك، دەسلەپكى ئۈچ تاۋاپتا قەدەمنى كىچىكرەك ئېلىپ مۈرىنى سىلكىگەن ھالدا تېز - تېز مېڭىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىشنىڭ مۇنداق بىر تارىخي جەريانى بار.

ھۇدەيبىيە كېلىشىمىگە بىنائەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە مەككىگە كەلگەندە، مەككە مۇشرىكلىرى ”مەدىنىنىڭ ھاۋا، سۇلىرى ياقماي مۇسۇلمانلار ئاجىزلاپ كېتىپتۇ“ دېيىشىشكە باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى نامايەن قىلىپ قويۇش

www.munber.org

مەقسىتىدە ساھابىلەرنى دەسلەپكى تاۋاپنىڭ ئۈچ ئايلىنىشىدا "ئىستىبا" ۋە "رەمەل" قىلىشقا بۇيرۇغان. مانا بۇ تارىخي ئەسلىمە (سۈننەت) ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بەندىلەرنىڭ مەغرۇرلۇق بىلەن مۆرىسىنى سىلكىپ مېڭىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان بىر ئىش، ئەمما ئۇ دۈشمەنلەرگە ئىسلامنىڭ قۇدرىتىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن بولسا، ئاللاھقا نىسبەتەن ئەنە شۇنداق يېقىملىق ئەمەلگە ئايلىنىدۇ.

## ماقامى ئىبراھىم

تاۋاپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇلىدۇ. ئۇ يەرگە قويۇلغان ئاشۇ تاشنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسسەپ تۇرۇپ كەبىنىڭ تېمىنى قوپۇرغان ئىدى. ھەمدە ئاللاھنىڭ بۇيرۇشى بىلەن يەنە شۇ تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئەھلىنى بۇ قاقاس چۆللۈكتىكى ئاللاھنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ھەج قىلىشقا چاقىرغان ئىدى. مانا بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇ چاقىرىققا "لەببەيك، لەببەيك" "ھازىرمىز، ھازىرمىز" دېيىشكىنىڭلارچە كېلىپ توپلىشىۋاتىسىلەر. ئەسلىدە بۇ تاش كەبىنىڭ تېمىغا چاپلىشىپ تۇراتتى. كېيىنچە ھازىرقى ئورنىغا يۆتكەلگەن. ئاللاھ تائالا ماقامى ئىبراھىم ھەققىدە: ـ ﴿وَاتَّخِذُوْا مِنْ مَّقَامِ اِبْـرَاهِيْمَ مُصَلّى﴾ ﴿ماقامى ئىبراھىمنى ناماز ئوقۇيدىغان جاي قىلىڭلار﴾ دەپ ھۆكۈم قىلغان بولۇپ، تاۋاپتىن كېيىنكى بۇ يەردە ئوقۇلىدىغان ئىككى رەكئەت ناماز دەل ئەنە شۇ ئىلاھى ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدۇر. بۇ يەردە دىققەت قىلىشىڭلارغا تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا شۇكى، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلار ھەرەم تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ. ھەرەمدىكىلەر كەبىگە قاراپ ئوقۇيدۇ. ئەمما ھەرەمدە جامائەت

www.munber.org

ناماز ئۆتىگەندە ئىمام دەل ماقامى ئىبراھىمدا تۇرۇپ قىبلىگە يۈز كەلتۈردۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ دەل ئەنە شۇ يەردە تۇرۇپ كەبىگە يۈز كەلتۈرگەن ھالدا ناماز ئوقۇغان ئىدى. شۇڭا ھازىرقى كۈندىكى ھەرەمدە ئوقۇلىدىغان جامائەت نامىزىنىڭ ئىمامىمۇ ئەنە شۇ يەردە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدۇ.

## سافا ۋە مەرۋە

ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، مۇلتەزىمدە (يەنى، كەبىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا) دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، زەمزەم قودۇقىدىن سۇ ئىچىسىلەر. ئاندىن ئۆمرىنى تامالاش ئۈچۈن سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلىسىلەر (يەنى، ئايلىنىسىلەر) مانا بۇ ئىشلارنى بىلمەستىن، قارىغۇلارچە ئادا قىلغاندىن "بىز تۇرغان بۇ زەمزەم زادى قانداق جاي؟ بۇ ئىچىۋاتقان سۈيىمىزچۇ؟ بىز سەئيى قىلىشنى باشلايدىغان بۇ سافا تېغى زادى قانداق تاغ؟ ھەم بۇ يەتتە قېتىم ئايلىنىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟" دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل پىكىر قىلىشىڭلار لازىم.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار، بۇ ئورۇنلارنىڭ بىز ئۈچۈن ئاجايىپ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە تولغان تارىخي ئارقا كۆرۈنۈشى بار. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەر بىلەن بوۋاق بالىسى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى بۈگۈنكى كۈندە "كەبە، زەمزەم، ماقامى ئىبراھىم" دەپ ئاتىلىۋاتقان مۇشۇ جايغا بىر تۇلۇم سۇ ۋە بىر خالتا خورما بىلەنلا تاشلاپ قويغان. ئۇ چاغدا بۇ يەر نە دەل - دەرەخ، نە يېمەك - ئىچمەك، نە سۇ يوق قاقاسلىق ئىدى. خىلى يىراق ئەتراپلارغىچىمۇ بىرەر يېزا، قىشلاقنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. قىسقىسى، بۇ ئادەمسىز ۋە گىياھسىز چۆللۈكتە ئانا - بالا ئىككىيلەنگە

ھېچقايسى جەھەتتىن يار يۆلەك يوق ئىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تاشلاپ كېتىۋاتقان چاغدا ھاجەر ئانا خېلى يەرگىچە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بېرىپ "سىلە بىزنى قانداق جايغا تاشلاپ كېتىپ بارىلا ؟" دەپ قايتا ـ قايتا سورايدۇ. ئەمما ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام جاۋاب بەرمەي ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىدۇ. ھاجەر ئانا ئاخىرى "ئاللاھ شۇنداق بۇيرىدىمۇ ؟" دەپ سورىغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام "ھەئە" دەپلا جاۋاب بېرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاجەر ئانا "ئۇنداقتا ئاللاھ بىزنى ھەرگىز تاشلاپ قويمايدۇ" دەيدۇ ـ دە، ناھايىتىمۇ خاتىرجەم ھالدا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، بالىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ چۆللۈكتىن ئايرىلىش ئالدىدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ: ـ

﴿رَّبَّنَا إِنِّي أَسْكَنتُ مِن ذُرِّيَّتِي بِوَادٍ غَيْرِ ذِي زَرْعٍ عِندَ بَيْتِكَ الْمُحَرَّمِ رَبَّنَا لِيُقِيمُواْ الصَّلاَةَ فَاجْعَلْ أَفْئِدَةً مِّنَ النَّاسِ تَهْوِي إِلَيْهِمْ وَارْزُقْهُم مِّنَ الثَّمَرَاتِ لَعَلَّهُمْ يَشْكُرُونَ﴾

﴿پەرۋەردىگارىمىز! مەن ئەۋلادىمنىڭ بىر قىسمىنى سېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۆيۈڭنىڭ قېشىدىكى ئېكىنسىز بىر ۋادىغا ناماز ئوقۇسۇن ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇردۇم، پەرۋەردىگارىمىز! كىشىلەرنىڭ دىللىرىنى ئۇلارغا مايىل قىلغىن، ئۇلارنىڭ شۈكۈر قىلىشى ئۈچۈن تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگىن﴾[Θ] دەپ دۇئا قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بولغان بۇ سەممىي رازىمەنلىككە ۋە كاتتا تەۋەككۇلچىلىككە، بۇ كۈچلۈك ئىمان ھەم ئىشەنچكە قاراڭلار، ئاللاھنىڭ بىرلا ئىماسى بىلەن دادا ئايالىنى ھەم بوۋاق بالىسىنى ئادەمسىز ۋە گىياھسىز قاقاسلىقتا ئەنە شۇنداق خاتىرجەم تاشلاپ قويىدۇ. ئانا كىچىككىنە بالىسى بىلەن چۆل باياۋانغا

[Θ] سۈرە ئىبراھىم 37 ـ ئايەت

www.munber.org

يالغۇز، يار يۆلەكسىز تاشلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ”بۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمى“ دېگەن سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا خاتىرجەم بولىدۇ.

سۇ بىلەن خورما تۈگەپ، ئانا ـ بالا ھەر ئىككىيلەن ئاچلىقتىن ئازابلىنىشقا باشلىغاندا، ھاجەر ئانا ئوغلىنى مۇشۇ زەمزەم دېگەن قۇدۇقنىڭ ئورنى بار يەرگە ياتقۇزۇپ قويۇپ، بىرەر مەدەتكار ئۇچراپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئەتراپنى كۆزىتىش ئۈچۈن سافا تېغى ئۈستىگە چىقىدۇ. ئاندىن سافادىن چۈشۈپ مەرۋە تېغىغا يۈگۈرەيدۇ. ئۇ يەردىمۇ شۇ ئۈمىد بىلەن ھەممە ئەتراپقا قارايدۇ، شۇنداق قىلىپ يەتتە قېتىم ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا يۈگۈرەيدۇ، ئاخىرقى قېتىم مەرۋە ئۈستىدە تۇرغىنىدا بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالىدۇ ـ دە، دەرھال ئوغلىنى تاشلاپ قويغان تەرەپكە قارايدۇ ۋە ئۇ يەردە ئادەم شەكلىدىكى بىر پەرىشتىنى كۆرىدۇ. پەرىشتە يەرگە بىرلا تېپىش بىلەن سۇ ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ ھاجەر ئانىغا قاراپ: ـ ”خاتىرجەم بولغىن، ئاللاھ سېنى ھەرگىز زايا قىلىۋەتمەيدۇ، پات ئارىدا بۇ جايغا بىنا قىلىنماقچى بولغان ئاللاھنىڭ بەيتىنى سېنىڭ مانا بۇ ئوغلۇڭ بىلەن دادىسى ئىبراھىم بىنا قىلىدۇ.“ دەيدۇ.

قېرىنداشلار، ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن سافا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى دەل ئەنە شۇ ۋەقەنىڭ خاتىرىسى. ھاجەر ئانىمىز سەئيى قىلىشنى سافادىن باشلىغان بولغاچقا بىزمۇ سەئيى قىلىشنى ئاۋۋال سافادىن باشلايمىز. ئۇ يەتتە قېتىم ئۇ ياقتىن ـ بۇ ياققا يۈگۈرگەن بولغاچقا بىزمۇ بۇ ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىمىز. ئىلگىرى بۇ يەردە سۇ يوق ئىدى. ھاجەر ئانىمىز سەئيى ئاخىرلاشقاندا، سۇ تېپىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئىچكەن. ئەمما ھازىر بىز بۇ زەمزەم سۈيىدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ئالدىمىزدا مەۋجۇت بولغاچقا

www.munber.org

سەئيى قىلىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنى ئىچمىز. ھاجەر ئانىمىز قىلغان بۇ بارلىق ئىشلارنى بىزنىڭمۇ شۇ پېتى قىلىشىمىزدىكى مەقسەت، ۋۇجۇدىمىزدا خۇددى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ھاجەر ئانىمىزنىڭكىدەك ئەنە شۇنداق تەۋەككۇلچىلىك ۋە رازىمەنلىكنى، ئەنە شۇنداق ئىشەنچ ھەم ئىماننى يېتىلدۇرۇشتۇر. شۇنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى بىجا كەلتۈرۈشتە ئالدىمىزنى ھەر قانداق خەتەر، ھەر قانداق پىشكەللىكنىڭ ئەندىشىلىرى قەتئىي توسىيالماسلىقى لازىم. ”ئاللاھ كۆرسەتكەن يول ئەگمەسلىكىنى بۇيرۇغان ئىكەن، ئۇنداقتا چوقۇم بىزنى زىيان تارتقۇزمايدۇ. بىزگە پەقەت دەل ئاللاھ ھۆكۈم قىلغان ئىشتىلا خەيرلىك بولىدۇ“ دېگەن مۇتلەق ئىشەنچ بىلەن ھەر قانداق خەتەرگە ئالدىمىزنى قىلالايدىغان بولۇشىمىز لازىم. بۇ يەردىن مانا شۇنداق ساۋاقنى يەكۈنلىيەلىگەن ئادەملا زەمزەم ئىچىش ۋە سافا، مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىشنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە ۋە ماھىيەتلىك روھىغا يېتەلىگەن بولىدۇ. بۇ پائالىيەتلەرنى قىلىش داۋامىدىمۇ ئاللاھنى زىكىر قىلىش، ۋە دۇئانى كۆپ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشىمىز لازىم. زەمزەم سۈيى ئىچكەندە: ـ

«اَللّٰهُمَّ اِنِّ اَسْأَلُكَ رِزْقًا وَّاسِعًا وَّعِلْمًا وَّسِعًا وَشَفَآءٌ مِّنْ كُلِّ دَاءٍ»

«ئى ئاللاھ! مەن سەندىن كەڭرى رىزىق، مەنپەئەتلىك بىلىم ۋە كېسەللىكلەرگە شىپالىق تىلەيمەن.»

«الله أكبر ، الله أكبر ، الله أكبر ، ولله الحمد ، الله أكبر على ما هدانا ، والحمد لله على ما أولانا ، لا إله إلا الله وحده لا شريك له ، له الملك و له الحمد يحيي ويميت بيده الخير وهو على كل شيئ قدير ، لا إله إلا الله وحده لا شريك له ، إنجز وعده وهزم الأحزاب وحده لا إله إلا الله ولا نعبد إلا إيّاه مخلصين له الدين ولو كره الكافرون»

www.munber.org

www.munber.org

«ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا، ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا، ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا، بارلىق مەدھىيىلەر ئۇنىڭغىلا مەنسۇپ. بىز ئاللاھنى ئۇلۇغلايمىز ۋە بىزنى ھىدايەت قىلغانلىقىغا ھەمدە بىزگە ھېسابسىز ياخشىلىقلارنى ئاتا قىلغانلىقىغا تەشەككۇر ئېيتىش بىلەن مەدھىيە ئوقۇيمىز، شېرىكى بولمىغان ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد يوق. بارلىق پادىشاھلىق ۋە مەدھىيىلەر ئۇنىڭغىلا مەنسۇپ. ھاياتلىق ھەم ماماتلىق، ياخشىلىق ھەم يامانلىقنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ قولىدا ۋە ئۇنىڭ ئىختىيارىدا. ئۇ ھەممىدىن قۇدرەتلىك. ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد يوق. ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوق. ئاللاھ ھەقىقەتەنمۇ ئۆز بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قىلغان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى. (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ياردەم قىلىپ، بارلىق گۇرۇھلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد يوق. بىز ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىمىز. بىز ئاللاھنىڭ دىنىنى ئۆزىمىزگە خاسلاشتۇرىمىز، گەرچە كاپىرلار ھەر قانچە يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ.» دېگەندەك دۇئالارنى قىلىش لازىم. بۇ دۇئالارنى مەرۋەدە قىلىسىمۇ ياخشى.

ساپا ۋە مەرۋە ئوتتۇرىسىدا سەئيى قىلىش جەريانىدا: ـ

«رب اغفر و ارحم وتجاوز عمّا تعلم إنك أنت الأعزّ الأكرم»

«ئى پەرۋەردىگار! كەچۈرگىن، رەھىم قىلغىن، سەن بىلىدىغان بارلىق ئەيىب ـ نۇقسانلىرىمىزنى مەغپىرەت قىلغىن. سەن ھەممىدىن غالىب ھەم كەرەملىك زاتسەن.» دېگەندەك دۇئالارنى قىلىش لازىم.

## ھەج

ھاجىلار زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى سەھەردە مەككىدىن ھەججگە ئاتلىنىدۇ. (ھەج تەمەتتۇ ئۈچۈن نىيەت قىلىپ) ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئېھرامدىن

چىققانلارمۇ شۇ كۈنى قايتا ئېھرامغا كىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەج پائالىيىتى رەسمىي باشلىنىدۇ. زۇلھەججىنىڭ 8 ـ كۈنى مىليۇنلىغان ھاجىلار تەڭ بىرلا ۋاقىتتا "لَبَّيْكَ اَللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ" "ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن" سادالىرىنى ياڭراتقىنىچە مەككىدىن چىقىپ "مىنا" غا بارىدۇ، ئەتىسى (يەنى، زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى) سەھەردە يەنە بارلىق ھاجىلار بىرلىكتە "لَبَّيْكَ اَللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ" "ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن" دېگەن تەلبىيە سادالىرىنى ياڭرىتىپ، مىنادىن قوزغىلىپ، ھەرەم دائىرىسى سىرتىدىكى "ئەرەفات مەيدانى" غا بارىدۇ، ئاندىن شۇ كۈنى شام ۋاقتى بىلەن بارلىق ھاجىلار "مۇزدەلىپە" گە كېلىپ، بىر كېچە قونغاندىن كېيىن، زۇلھەججىنىڭ 10 ـ كۈنى كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى قوزغىلىپ، مۇزدەلىپىدىن مىناغا قايتىپ كېلىدۇ. مىنادا چوڭ شەيتانغا يەتتە تال تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قوربانلىق قىلىپ، چاچ كەستۈرىدۇ ياكى چۈشۈرتىدۇ. ئاندىن يەنە ھەممەيلەن بىرلىكتە "لَبَّيْكَ اَللّٰهُمَّ لَبَّيْكَ" "ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن" دېيىشكىنىچە ھەرەمگە كىرىپ تاۋاپ ھەم سەئيىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مىناغا قايتىپ چىقىپ، ئىككى كۈن تۇرىدۇ. بۇ ئىككى كۈن جەريانىدا ھەر كۈنى بىرىپ ئۈچ شەيتانغا يەتتە تالدىن تاش ئاتىدۇ. مانا بۇلار "ھەج پائالىيىتى" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىبادەتنىڭ مەنىسىنى بىلمەيدىغانلار، بولۇپمۇ ھەجنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغانلار ھەيرانلىقتا "پۈتۈن دۇنيادىن توپلاشقان ئىنسانلار ھېلى ئۇ يەرگە، ھېلى بۇ يەرگە يۆتكىلىپ يۈرىيدىغان بۇ زادى قانداق ئىشتۇر؟" دېگەننى ئويلىماي قالمايدۇ، "مەككىدىن مىناغا، مىنادىن ئەرەفاتقا، ئەرەفاتتىن مۇزدەلىپىگە، مۇزدەلىپىدىن يەنە مىناغا تىنىمسىز يۆتكىلىپ، تاش ئېتىپ يۈرىيدىغان بۇ قانداق ئىبادەتتۇر؟" دېمەيمۇ قالمايدۇ. ناۋادا ئەقلىنى ئازراقلا ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا،

www.munber.org

شۇنداق بىر ھەقىقەتنى تونۇپ يېتەلەيدۇكى، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى دەپ، ئاشۇنداق بارلىق قېيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىش، ھەممىدە ئۇياقتىن بۇياققا تىنىمسىز يۆتكىلىش جەريانىدا ئۇچرايدىغان بارلىق ئازار، كۈلپەتلەرگە چىداشنىڭ ئۆزى ھەقىقىي ئىبادەتتۇر.

ئۆمرە قىلىش، كىشىلەر ئايرىم - ئايرىم ئادا قىلىدىغان ئىبادەت بولغاچقا بۇ پائالىيەتلەر ئۆمرە پائالىيەتلىرى قاتارىدا بەلگىلەنمىگەن. چۈنكى بىر ئادەمگە نىسبەتەن بىركۈن ئەرەفاتتا، بىر كېچە مۇزدەلىپىدە تۇرۇپ، تۆت كۈننى مىنادا ئۆتكۈزۈش ھېچقانچە قېيىن ئىش ئەمەس. ئەمما ھەجدە مىليۇنلىغان ئىنسانلارنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەڭ قوزغىلىپ، تەڭ يۆتكىلىشى ھەرگىزمۇ ئاسان گەپ ئەمەس. ھەرقانداق ”مانا مەن“ دېگەن ئادەممۇ بۇ جەرياندا ئۇرۇلۇپ، سوقۇلماي قالمايدۇ، ئۆزىنىڭ راھەتلىك ئاسايىشلىرىدىن مەھرۇم بولماي قالمايدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ھەجدە، تاۋاپ ھەم سەئيى قىلغاندىن باشقا يەنە بۇ پائالىيەتلەرنىمۇ قوشۇپ ئورۇندايمىز. بۇنىڭدىن مەقسەت، بارلىق مۆمىنلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن راھەتلىك تۇرمۇشىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، ئاللاھنىڭ رازىلىقى يولىدا ھەرقانداق مۇشكىلات، قېيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈشكە دائىم تەييار تۇرالايدىغان روھنى پەيدا قىلىشتۇر. ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئاللاھقا بولغان ھەقىقىي بەندىچىلىكمۇ دەل ئەنە شۇنداق روھنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. مانا بۇ ھەجدىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىدۇر.

ھەج جەريانىدا ئۇچرايدىغان بارلىق قېيىنچىلىقلارغا خۇشاللىق بىلەن بەرداشلىق بېرەلىگەن، قىستاڭچىلىق بولۇۋاتقان، جىددىيچىلىك قاپلاپ كەتكەن مەزگىللەردە تەمكىن بولۇپ، ئۆزى جاپا تارتسىمۇ، باشقىلارغا راھەت يەتكۈزەلىگەن، ئەتراپىدىكى

www.munber.org

ھەمراھلىرىغا ئازار بەرمەستىن ئۆلارنى خۇشال قىلىشقا تىرىشالىغان ئادەملا ھەج قىلىشتىن ھەقىقىي مەنپەئەتلەنگەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، يەنى، ئۆز راھىتىنى دەپ، باشقىلارنى بىئارام قىلىدىغان، جاپاغا ئۇچرىغانلا چاغدا بىھۇدە چېچىلىپ، ئاچچىقلاپ يۈرىدىغان، ئۆزىنىڭ راھىتى ۋە مەنپەئەتىنى دەپ، ھەمراھلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، تالىشىپ ـ تارتىشىپ يۈرىدىغان كىشىلەر ھەجنى زايا قىلىۋەتكەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق بىچارىلەر جاپانى يەتكىچە تارتقان، ئەمما ئەجرى ھاۋاغا سورۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ بىلىپ قويۇش كېرەككى، ھەج پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاش جەريانىدا نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشتىن باشقا ياخشى ئەمەللەرنى قىلمىساڭلارمۇ، ھەججىڭلار ئادا تاپقان بولۇۋېرىدۇ ھەمدە ھەجنىڭ ساۋابىنىمۇ ھاسىل قىلغان بولۇۋېرىسىلەر. ئەمما دۇنيادا ئاللاھقا يېقىنلىق قىلىش ئۈچۈن بۇنداق كەم ئۇچرايدىغان غەنىمەت پۇرسەتكە ئېرىشكەن تۇرۇقلۇق، ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلاشمىغان ئادەمدەك بەتەلەي كىشى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا مەككىدىن ئاتلانغاندىن تارتىپ تاكى قۇربان ھېيت كۈنىگە قەدەر كۆپرەك تەلبىيە ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىش لازىم. بولۇپمۇ ھەر قېتىم تەلبىيە ئېيتىۋاتقان چاغدا، «ھازىر ئاللاھ مېنى مىناغا چاقىرىۋاتىدۇ، مەن ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن» دەۋاتىمەن. ئەرەفاتقا چاقىرىۋاتىدۇ، مەن «ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن» دەۋاتىمەن. شۇتاپتا مۇزدەلىفىگە چاقىرىۋاتىدۇ، مەن «ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن» دەۋاتىمەن. ئاللاھ مېنى شەيتانغا تاش ئېتىش ئۈچۈن مىناغا چاقىرۋاتىدۇ، مەن «ھازىرمەن ئى ئاللاھ! ھازىرمەن» دەۋاتىمەن، دېگەن تۇيغۇ بىلەن ئېيتىش لازىم. قىسقىسى، ھەر قېتىم تەلبىيە ئېيتىۋاتقان چېغىڭلاردا شۇنى چۈشەنگەن قىلىشىڭلار كېرەككى، ئالەملەرنىڭ

www.munber.org

پەرۋەردىگارى سىلەرنى چاقىرىۋاتىدۇ، سىلەر پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ چاقىرىقىغا «هازىرمەن ئى ئاللاھ! هازىرمەن» دەپ جاۋاب قايتۇرىۋاتىسىلەر. ئاللاھ خالىسا، مانا شۇنداق ھېسسىيات بىلەن ھەر بىر قېتىم تەلبىيە ئېيتىۋاتقان ۋاقىتىڭلاردا، قەلبىڭلار ئۆزلىگىدىن ھەر قانداق لەززەتنى بېسىپ چۈشىدىغان ئاجايىپ شېرىن روھىي مەمنۇنىيەتتىن ھوزۇرلانماي قالمايدۇ.

تەلبىيە ئېيتىش بىلەن بىرگە يەنە ئاللاھ تائالاغا كۆپلەپ ھەمدۇ ـ سانا، تەكبىر ئېيتىپ تۇرۇش لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغىمۇ كۆپلەپ دۇرۇد يوللاش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۆزەڭلار ھەققىدە، ئاتا ـ ئاناڭلار ھەققىدە، بارلىق مۆمىن ئەر ـ ئاياللار ھەققىدە دۇئا قىلىپ مەغپىرەت تىلەش كېرەك. بولۇپمۇ ئەرەفاتتا تۇرىۋاتقان چېغىڭلاردا ۋاقتىڭلارنى كۆپرەك ئاللاھنى زىكىر قىلىشقا، دۇئا قىلىشقا ۋە مەغپىرەت تىلەشكە سەرپ قىلىڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن مىنادا تۇرىۋاتقان بىر قانچە كۈنلۈك مەزگىلدە ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەستىن، باشقىلارنى ياخشىلىققا ئۈندەشكە، تەبلىغ قىلىشقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش جەھەتتە ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا سەرپ قىلىشىڭلار كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ھەجنىڭ روھىي، ئەخلاقىي مەنپەئەتلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايسىلەر.

مانا بۇلار ھەجنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنى توغرا ئادا قىلىش ئۇسۇلى. مەن ئاللاھدىن ھەجنى ئەسلىدىكى روھىغا ئۇيغۇن توغرا ئورۇنداشقا ھەممىمىزنىڭ تەۋپىق قىلىنىشىمىزنى تىلەيمەن. (ئامىن! )

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب العالمين

www.munber.org

# ئۈچىنچى خۇتبە

ھەمدۇسانادىن كېيىن:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۇسۇلمان قېرىنداشلار، ئاللاھ تائالا ماددىي، مەنىۋىي، روھىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي جەھەتلەردە بىزگە پايدىسى يەتمەيدىغان بىرمۇ ئىبادەتنى پەرز قىلغان ئەمەس. ئاللاھ تائالانىڭ ھېچقانداق ئىبادەتكە مۇھتاج ئەمەسلىكى ھەممىگە مەلۇم ھەقىقەت. ئاللاھ پەرز قىلغان ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى پەقەتلا بىز بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولۇپ، ئاللاھ ئۆزى ھەرقانداق پايدا - مەنپەئەتلەرنىڭ ئېھتىياجىدىن خالىي زاتتۇر. ئاللاھ پەرز قىلغان ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ ئاساسى مەقسىتىدىن باشقا يەنە، ئۇنى ئادا قىلىش داۋامىدا قولغا كېلىدىغان نۇرغۇن قوشۇمچە مەنپەئەتلىرى بولىدۇ. ناۋادا بىرسى ئىبادەتنىڭ قوشۇمچە مەنپەئەتلىرىدىن قايسىدۇر بىرىنى ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەقسىتىگە ئايلاندۇرۇۋالسا، ئۇ چاغدا قىلغان ئىبادىتىنى زايا قىلىۋەتكەن بولىدۇ، ئۇنىڭ قىلغىنىمۇ ھەرگىز ھەقىقىي ئىبادەت ھېسابلانمايدۇ.

مەسىلەن: روزا تۇتۇش، روھىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان مەنپەئەتلەرى بولغان ئىبادەت. ناۋادا بىرسى روزا تۇتۇشتا "سالامەتلىكىم ياخشىلىنىدۇ" دېگەننى كۆزدە تۇتقان بولسا، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىبادەت قىلالمىغان بولىدۇ، بەلكى دوختۇرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تەن ساغلاملىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل ئۆزىنى ئاچ قويغان كىشىگىلا ئوخشاپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك، ناماز ئوقۇشتا "بۇ ئارقىلىق كۈندىلىك ۋاقتىم، ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرىم تەرتىپكە چۈشۈپ قالىدۇ" دېگەن مۇددىئا كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئۇمۇ ئىبادەت قىلغان بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. گەرچە ئۇ ناماز ئارقىلىق كۆزلىگەن

www.munber.org

مۇددىئاسىنى ھاسىل قىلالىغان تەقدىردىمۇ، ئىبادەتنىڭ ساۋابىغا ھەرگىز ئېرىشەلمەيدۇ.

ھەج مەسىلىسىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. قانداقلا بىر كىشى ھەج قىلىشتا ماددىي، مەنىۋىي، روھىي، ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، جەھەتلەردە قولغا كېلىدىغان قوشۇمچە مەنپەئەتلەردىن قايسىدۇر بىرىنى ئۆزىگە مەقسەت قىلىۋالىدىكەن، ئۇ چاغدا ھەرگىزمۇ ھەج قىلغان بولمايدۇ. ئۇنىڭ قىلغان بۇ ئىبادىتىمۇ ئىبادەت بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ مەركىزى مەقسىتى پەرۋەردىگارى ئالدىدا ئۆزىنىڭ بەندىچىلىگىنى ئىپادىلەش ۋە شۇ ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرەلىگەن ئادەم ئىبادەتنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرالىغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، شۇنچە جاپا تارتىپ، ئىبادەت قىلىپمۇ ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئىرىشەلمىگەن كىشى گويا ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەقسىتىنى زايا قىلىۋېتىپ، ئېرىشكەن مېۋىسى توپىغا مىلەنگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. شۇڭلاشقا شۇنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز لازىمكى، ئىبادەتتە قولغا كېلىدىغان قوشۇمچە مەنپەئەتلەرنىڭ ھېچ بىرى ئىبادەتنىڭ ئەسلى مەقسىتى بولالمايدۇ. بىز بۇ يەرگە ھەج ئۈچۈن شۇنچە يىراق يەردىن كەلگەن ئىكەنمىز، چوقۇم ھەج قىلىشتىكى نىيىتىمىز پاك ھەم خالىس بولۇشى، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلىگەن بولۇشى لازىم. خالىس نىيەت بىلەن ھەج قىلىپ، پەقەت بولمىغاندا مەغپىرەتكە بولسىمۇ ئېرىشەلىگەنلىك ئەڭ چوڭ ئۇتۇقتۇر. ئىنسانغا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئەجىر ۋە كاتتا مەرتىۋە ئاتا قىلىش ئاللاھنىڭ فەزل، ئېھسانىغا باغلىق ئىش، ناۋادا ھەج ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ قالالىساق بىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بەخت ـ سائادەت بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئالدى بىلەن مېنىڭ

www.munber.org

سىلەرگە قىلىدىغان تەۋسىيەم شۇكى، دىلىڭلارنى ئاساسى يوق پىكىر، تەسەۋۋۇرلاردىن پاك قىلىپ، پەقەت ھەجنىڭ ھەقىقىي مەقسىتىنىلا كۆزدە تۇتۇشقا تىرىشىڭلار.

مۇشۇ كۈنلەردە بەزىلەر ھەج توغرۇلۇق غەيرى ، غەيرى پەلسەپە، پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا ھەجنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ھەر يىلى بىر قېتىم مۇسۇلمانلاردا خەلقئارالىق چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىكەن. شەكسىزكى، خەلقئارالىق چوڭ يىغىلىش ئۆتكۈزۈشتىن قولغا كېلىدۇ، دەپ ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلالىغان مەنپەئەتلەردىن نەچچە مىڭ ھەسسە كۆپ مەنپەئەتنى مۇشۇ ھەج ئارقىلىق ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما ھەجنىڭ ئەسلى مەقسىتى ھەرگىزمۇ قانداقتۇر يىغىلىش ئۆتكۈزۈشلا ئەمەس. خۇددى شۇنىڭدەك ھەج قىلغاندا، ئەرەب زېمىنىنى زىيارەت قىلغىلى بولىدىكەن، ئەرەبلەرنىڭ تارىخى ئورۇنلىرىنى ساياھەت قىلغىلى بولىدىكەن، ئەرەب مەدەنىيىتى ۋە ئەنئەنە، ئۆرپ - ئادەتلىرى بىلەن تونۇشقىلى بولىدىكەن، دېگەنلەر كۆزدە تۇتۇلغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ھەج زايا قىلىنغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەج قىلىشتا مۇشۇلارغا ئوخشىغان قانداقلا بىر دۇنيالىق مەقسەت ئىنساننىڭ دىلىغا پۈكۈلىدىكەن، ناھىيەتتە ئۇ كىشى ھېچقانداق ئىبادەت قىلمىغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا نىيەتنىڭلاردا خالىس ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشتىن باشقا نەرسە بولماسلىقى لازىم. ”ھەج قىلىشتىن مەقسەت ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا بەندىچىلىكىمىزنى ئىزھار قىلىش“ دېگەننى ئىددىيەڭلاردا مەھكەم ساقلىشىڭلار لازىم.

ئەمدى ئىبادەتنىڭ بارلىق تۈرلىرى ۋە شەكىللىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ مۇشۇ بىر ھەجگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىنى ھەققىدە ئازراق توختالماقچىمەن. بىر كىشىنىڭ خالىس نىيەت بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلانغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ دۇنيالىقنى

www.munber.org

كۆزلىمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، نەچچە مىڭ كىلومېتىرلىق مۇساپىنى سودا-تىجارەت، سەيلە-ساياھەت ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ ئىبادىتىنى بىجا كەلتۈرۈش يولىدا، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەش يولىدا باسقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، ھەر قانداق بىر كىشى ھەجگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى بىرىنچى بولۇپ، بالا-چاقا، ئائىلىسىدىن ئايرىلىدۇ، ئۇرۇق-تۇغقان، دوست، بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىدۇ، ئۆز كەسپىنى ۋە باشقا ئالاقە مۇناسىۋەتلىرىنى تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاشۇ ئەزىز رىشتىلەرنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ ماڭىدۇ. شۇڭلاشقا ھەج قىلغان كىشى ھەجرەت قىلغانىنىڭ ساۋابىغىمۇ ئىگە بولىدۇ. ھەجرەت قىلىشتىن قولغا كېلىدىغان بارلىق روھىي، ئەخلاقىي مەنپەئەتلەرنىڭ ھەممىسى تەبىئىي ھالدا ئۇ كىشىگە تەئەللۇق بولىدۇ. چۈنكى ھەج قىلغان كىشىنىڭ سالاھىيىتى ئاللاھنى دەپ ئائىلە، بالا-چاقىلىرىنى تاشلىغان كىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. مەككىگە كەلگەن ھاجىلارنىڭ ھەر خىل ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم، مەسىلەن ناماز ئوقۇشتىن باشقا كەبىنى تاۋاپ قىلغىنىڭلاردا، ئاللاھقا ئۆزىنى ئاتىغانىنىڭ ساۋابىغا ئېرىشىسىلەر، ھەجەر ئەسۋەدنى سۆيگىنىڭلاردا گويا ئاللاھنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تاشقا سۆيگەندەك بولۇسىلەر، كەبە دەرۋازىسىغا ئېسىلغىنىڭلاردا خۇددى ئاللاھنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىلىپ دۇئا قىلىۋاتقاندەك بولۇسىلەر، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ساپا مەرۋىدە سەئيى قىلغىنىڭلاردا، ئاللاھنىڭ يولىدا جاپا تارتقانىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىسىلەر، شۇنداق قىلىپ، ئاللاھقا دۇئا قىلىش، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش يولىدا جاپالىق ئىزدىنىش قاتارلىقلارنىڭ ساۋابى سىلەرگە تەئەللۇق بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەج جەريانىدا مەككىدىن مىناغا، مىنادىن ئەرەفاتقا، ئەرەفاتتىن مۇزدەلىپىگە، مۇزدەلىپىدىن

www.munber.org

يەنە مىناغا يۆتكىلىپ يۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ رىيازەتلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى جىھادقا ئوخشايدۇ. جىھاد قىلىدىغان كىشىمۇ ئائىلە ھەممە نەرسىنى تاشلاپ ئاز بولمىغان رىيازەتلەرنى چېكىدۇ، يول ئازابى، جىھاد مەيدانىدىكى جاپالىق تىركىشىش قاتارلىق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ. ھەج پائالىيەتلىرىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. شۇڭا سىلەر گويا ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغان كىشىنىڭ ساۋابىدەك ساۋابقا ھەقلىق بولىسىلەر. ئاندىن ھېيىت كۈنى قۇربانلىقنىڭ ساۋابىغا ئىگە بولۇسىلەر. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ھەج بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ جۇغلانمىسى دەپ ئاتالغان. دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۆز ئىلاھلىرىغا چوقۇنۇپ ئورۇنداپ كېلىۋاتقان ئىبادەتلىرىنىڭ ھەممە تۈرىنى ھەج ئىبادىتىدە ئۇچراتقىلى بولىدۇ، مۆمىنلەر بۇ ئىبادەتنى پەقەت يېگانە پەرۋەردىگارى ئۈچۈنلا ئورۇنلايدۇ. شۇڭلاشقا ھەج ھەممىدىن چوڭ ئىبادەت دەپ ئاتالغان. سىلەر بۇ ئارقىلىق مەغپىرەتكە سازاۋەر بولالىساڭلارلا شۇنىڭ ئۆزى چوڭ غەلىبە. ئەمما مەغپىرەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەيىب، نۇقسانسىز ھەج قىلىش لازىم. ئەيىب، نۇقسانسىز ھەج قىلىش دېگەنلىك ھەج جەريانىدا ھەر خىل ناچار ئىللەتلەردىن ساقلىنىشنى، غەيۋەت قىلىش، ئۆز ئارا تىللىشىش، جەڭگى - جېدەل قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىن قەتئىي يىراقلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەجدە بىرلا ۋاقىتتا مىلليۇنلىغان ھاجىلار تەڭ ھەرىكەت قىلىدىغان بولغاچقا ھەر قانداق ئادەم ھەر خىل توسالغۇ قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ، ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن ئېغىر دەرىجىدە قىستاڭچىلىق بولىدۇ، ھەممەيلەن تېزراق ئۆتۈپ كېتىشنىڭ غېمىدە بولىدۇ، بۇنداق ۋەزىيەتتە ئىختىيارسىز ھالدا كىشىلەر ئۆز ئارا سۈركىلىشىدىغان، بىر - بىرىگە تاسادىپىي ئازار يەتكۈزۈپ قويىدىغان ياكى ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلالماي قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا ھەممەيلەن ئاچچىقلىنىشتىن ساقلىنىپ،

www.munber.org

ئۆزىنى قاتتىق كونترول قىلىشى، ئامالىنىڭ بىرىچە سەۋرچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇپ، بىر ـ بىرىگە قارىتا قورسىقى كەڭ، ئەپۇچان بولۇشى، ھەمدە باشقىلار تەرىپىدىن ئۆزىگە يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋرچانلىق بىلەن بەرداشلىق بېرىشى لازىم. "باشقىلاردىن ماڭا ئازار، كۆلپەت يەتسە، يەتسۇن، ئەمما مەندىن ھېچ كىشىگە يەتمىسۇن" دېگەننى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئۇرۇش، جېدەلدىن قاتتىق ساقلىنىش لازىم. مانا بۇلار ئەيىب، نۇقسانسىز ھەج قىلىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچىمى. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا قۇرئاندا:

﴿فَمَنْ فَرَضَ فِيهِنَّ الْحَجَّ فَلاَ رَفَثَ وَلاَ فُسُوْقَ وَلاَ جِدَالَ فِى الْحَجِّ﴾

﴿ھەج ئايلىرىدا ھەجگە نىيەت قىلغانلار شۇنىڭغا دىققەت قىلىشى كېرەككى، ھەج جەريانىدا شەھۋانىي ئىش، ناچار قىلىق، جېدەل، ماجرالار سادىر بولماسلىقى لازىم﴾ دەپ تەكىتلىگەن.

ھەج جەريانىدىكى ئەڭ چوڭ ئىلاھىي ئىمتىھانمۇ دەل مۇشۇ جەھەتتىن ئىبارەتتۇر. ئۆلمەيدۇ. كىمكى، ھەج جەريانىدا باشقىلاردىن ئۆزىگە يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلماي، ئۇرۇش جېدەل قىلىپ، باشقىلارغا ئازار يەتكۈزىدىكەن، قىلغان ھەججىنىڭ كۆپ بىر قىسمى ئەجرىنى زايا قىلىۋەتكەن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىمكى، ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى قۇرۇق گەپ، ئورۇنسىز ئىشلارغا بۇزماستىن، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىدىكەن، پەزىلەتلىك ھەج قىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەج جەريانىدا باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا دۇنيانىڭ گېپىنى كۆپ قىلىشمۇ ھەجنىڭ ساۋابىنى كېمەيتىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا دەرىجىسى يۇقىرى، پەزىلەتلىك ھەج قىلماقچى بولغانلار چوقۇم ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاللاھنى كۆپ زىكىر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىشى، ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ، ئاللاھنىڭ دىنىنى تەشۋىق قىلىپ، ناچار ئىللەتلەردىن توسىدىغان، باشقىلارنى ياخشىلىققا ئۈندەيدىغان

ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشى لازىم. ناۋادا سىلەر ھەج جەريانىدىكى ۋاقىتىڭلارنى مانا شۇنداق ئىشلارغا سەرپ قىلالىساڭلار ئىنشائاللاھ، قىلغان ھەججىڭلار ناھايىتىمۇ پەزىلەتلىك ھەج بولىدۇ. سىلەر كاتتا ئەجىرگە ئېرىشىسىلەر.

ئەمدى ھەجنىڭ قوشۇمچە مەنپەئەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن. خۇددى ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمدەك ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا نۇرغۇنلىغان جەھەتلەردە پايدىسى تەگمەيدىغان بىرمۇ ئىبادەتنى پەرز قىلغان ئەمەس. ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەج مۇسۇلمانلاردا ئالەمشۇمۇل قېرىنداشلىق ھەم باراۋەرلىك تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ. مەككە فەتھى قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كەبىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپ: «ئى قورەيش ئەھلى! ئاللاھ جاھىلىيەتنىڭ شۇملۇقلىرىنى سىلەردىن كۆتۈرىۋەتتى. ئەمدى بۇ يەردە ئائىلە ، نەسەب ئۈچۈن، قەبىلە، مىللەت ئۈچۈن ھېچقانداق ئىمتىياز ۋە ھېچقانداق ئىپتىخارلىق ئورۇن يوق. ئەرەبلەر ئەجەملەردىن، ئەجەملەر ئەرەبلەردىن ئەۋزەل ئەمەس. ئەۋزەللىك پەقەتلا تەقۋالىقتا، بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەر ھەممىڭلار تۇپراقتىن يارىتىلغان ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى» دەپ ئېلان قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ خۇتبىسى دەل مۇشۇ ھەرەمدە سۆزلەنگەن بولغاچقا، ئىنسانلارنىڭ باراۋەرلىكى، ئاق تەنلىكنىڭ قارا تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ ئاق تەنلىكتىن ئەۋزەل ئەمەسلىكى، بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا نە ھاكىم، نە مەھكۇم نە باي، نە غېرىبنىڭ يوقلۇقى، جۈملىدىن ھەممەيلەننىڭ ئوخشاشلا ئىنسان ئىكەنلىكى ھەممىدىن بەكرەك دەل مانا بۇ ھەرەمدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يەرگە كېلىدىغان ھەر قانداق ئىنسان مەيلى ئۇ ئافرىقىدىن ياكى ئامرىكىدىن كېلىۋاتقان بولسۇن، مەيلى ئاسىيانىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاق، يايلاقلىرىدىن ياكى ياۋروپانىڭ يىراق ساھىللىرىدىن

كېلىشۋاتقان بولسۇن، مىيقاتقا يېتىپ كەلگەن ھامانلا ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ ئېھرام باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىيىم ـ كېچەكنىڭ ئوخشىماسلىقىدىكى مىللىي پەرق يوقالغان بولىدۇ. بارلىق ھاجىلارنىڭ ئوخشاش بىر خىللا كىيىم بىلەن ھەج قىلىشى پەيدا قىلىدىغان مۇسۇلمانلاردىكى بىرلىك تۇيغۇسىنى باشقا ھەر قانداق تەدبىر پەيدا قىلالمايدۇ. بۇ خىل بىرلىك تۇيغۇسى نۇتۇق سۆزلەش ياكى يىغىلىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش بىلەن ئەمەس، دەل مانا بۇ ئېھرام باغلاش بىلەن (يەنى مىليۇنلىغان ھاجىلارنىڭ مىيقاتتىن ئۆتۈشتىن ئىلگىرى بىرلا ۋاقىتتا مىللىي كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۇچىسىغا ئوخشاش بىر خىللا رەخت ئورىشى بىلەن) ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. ئېھرام باغلاش يالغۇز ئالەمشۇمۇل قېرىنداشلىقنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئالەمشۇمۇل باراۋەرلىكنىمۇ پەيدا قىلىدۇ. پادىشاھ، ۋەزىر، رەئىس، مىنىستىر، گېنىرال، خوجايىن ياكى قۇل بولۇشتىن قەتئىي نەزەر ھەممەيلەن ھەج ئۇچۇن بەلگىلەنگەن مۇشۇ كىيىمنى كەيمىسە بولمايدۇ. ھەممەيلەن ئوخشاشلا بەلنىڭ ئاستىغا بىر پارچە ۋە ئۇستىگە بىر پارچە رەخت ئورايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق قالمايدۇ. ئاللاھنىڭ ھوزۇرىغا قەدەم قويغان ھەر بىر كىشىنىڭ ئاللاھقا بەندە بولۇشتىن باشقا سالاھىيىتى بولمايدۇ. بۇنداق باراۋەرلىككە دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدىن مىسال تاپقىلى بولمايدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر دىن ياكى ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي پائالىيەت ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنى ئوخشاش بىرلا ۋاقىتتا بۇنداق باراۋەر ئورۇنغا تويلىيالايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس. بۇ پەقەت ھەجگىلا مەنسۇپ ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت. ھېچقانداق ئىنسان بارلىق كىشىلەرنى ئوخشاش بىر ماقامغا جەم قىلىپ، ئۇلار ئارىسىدا بۇنداق كامىل باراۋەرلىكنى پەيدا قىلالايدىغان تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويالىغان ئەمەس ھەم قويالمايدۇ. بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزگەن ھەر

www.munber.org

قانداق بىر ئادەم ئۇنىڭ دەل ئاللاھنىڭ ئاجايىپ ھېكمىتىنىڭ نەتىجىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئاسانلا بايقىيالايدۇ. مەن ئىسلام تارىخىدىن كىچىككىنە بىر مىسالنى سۆزلەپ ئۆتەي:

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، غەسسان قەبىلىسىنىڭ پادىشاسى جەبلە ئىبنى ئەيھەم ھەج ئۇچۇن كەبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقىنىدا، بىر سەھرالىق ئەرەب ئۇنىڭ ئىھرامىغا دەسسەپ سالىدۇ. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن پادىشاھ ئۇنى بىر تەستەك سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەھرالىق ئەرەب ئەرز قىلىپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بارىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى ھەر ئىككەيلەندىن تەڭ ئاڭلىغاندىن كېيىن، بۇ سەھرالىق ئەرەبنى ئۆزىنى بىر تەستەك سالغان پادىشاھنىمۇ بىر تەستەك ئۇرۇپ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئارقىلىق گويا، ھەجگە كېلىپمۇ، تېخىچە شاھلىق تۇيغۇسىدىن ئايرىلمىغان، ئۆزىنى سەھرالىق ئەرەبتىن ئۇستۇن ئورۇندا دەپ ھېس قىلغان مەغرۇر پادىشاھنى ئەدەبلەپ قويماقچى بولىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەرەمگە كىرگەن ھەر قانداق كىشى ئەنە شۇنداق قىستىلىپ، ئورۇلۇپ، سوقۇلۇپ كىرىدۇ ۋە يەنە شۇنداق ئۇرۇلۇپ، سوقۇلۇپ ھەرەمدىن چىقىدۇ. مەيلى پادىشاھ، ھۆكۈمدار ياكى دۆلەت رەئىسى بولسۇن ھېچ كىشىگە مەجبۇر يول ئېچىپ بېرىلمەيدۇ، ناۋادا يول ئېچىپ بېرىلىدىكەن چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە دۇنيانىڭ ھەر قانداق بىر يېرىدە، ھەرقانداق دۆلەت، ھەر قانداق بىر مىللەت ئارىسىدا بۇنداق چوڭ خەلقئارالىق يىغىلىشنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، مىڭلاپ يىللار ئۆتكەن مانا بۈگۈنكى كۈندە ئەمدى تېخى ئىنسانلار ”مىللەتلەر پارتىيىسى“، ”بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى“ دېگەندەك تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا

قويالىدى. ئەمما مەيلى ئۇ "دۇنياۋي مىللەتلەر پارتىيىسى" بولسۇن، ياكى ھازىرقى "بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى" (يەنى، ب م ت) بولسۇن، ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق يىغىلىشلىرى بىلەن ھەجدىكى خەلقئارالىق يىغىلىش ئوتتۇرىسىدا يەنىلا ئاسمان زېمىن پەرقنىڭ بارلىغىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى "بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتى" نىڭ خەلقئارالىق يىغىلىشلىرىغا قاتنىشىدىغانلار ئۆز ئارا مەنپەئەت كۆرىشى قىلىدىغان سىياسىي رەھبەرلەر، مىللەت ۋەكىللىرى ۋە ھۆكۈمران ئەربابلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. بۇنداق يىغىلىشنى خەلقئارا يىغىلىش دېگەندىن كۆرە ھۆكۈمدارلار يىغىلىشى دېگەن تۇزۇكرەك. ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، خەلقئارالىق يىغىلىش دەپ، ھەجدىكى يىغىلىشنى دېسە بولىدۇ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن كەلگەن ھەر خىل مىللەت كىشىلىرى ئۆزلىگىدىن بىر يەرگە توپلىشىپ، بىرلىكتە ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىبادەتلەرنى ئورۇنلايدۇ. خەلق ۋەكىللىرى، سىياسەتچى، ھۆكۈمران ئەربابلار، پارلامىنت ئەزالىرى ئەمەس، بەلكى ئاددى پۇقرالار قاتنىشىدىغان بۇنداق ئۇلۇغ خەلقئارالىق يىغىلىشنى بۇ مۇقەددەس زېمىندىن باشقا يەردە ھەرگىز ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

ئاخىردا سىلەرگە دەيدىغان سۆزۈم شۇكى، ئىسلام دۇنياسىغا نىسبەتەن كەبىنىڭ مىسالى خۇددى ئىنساننىڭ جىسمىدىكى يۈرەككە ئوخشايدۇ. يۈرەك ئىنسان جىسمىدىكى بارچە تومۇرچىلاردىن قانلارنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنى تازىلاپ، ساغلام شەكىلدە يەنە ئاشۇ تومۇرلارغا قايتۇرىدۇ. ئۇممەتنىڭ جىسمىغا نىسبەتەن مۇقەددەس كەبىمۇ ئەنە شۇنداق رول ئوينايدۇ. ئۇ ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر يەر ، ھەر تەرەپلىرىدىن كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتىپ، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى تازىلاپ، مىجەز، ئەخلاقىنى ھەر خىل ئىللەتلەردىن پاكلايدۇ، ئۇلارغا يېڭىدىن ھاياتى كۈچ بەخش ئېتىپ يەنە كەلگەن

www.munber.org

جايلىرىغا ئۆزىتىپ قويىدۇ. مانا بۇ يۈرەك ھەرىكەتلىنىپلا تۇرىدىكەن دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر كۈچ ئىسلامنى يوقۇتۇپ تاشلىيالمايدۇ. بۇ پائالىيەت ھەر يىلى مۇسۇلمانلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، بەلگىلىك مۇددەتكىچە بىر مەزگىل بىرلىكتە ھايات كەچۈرگۈزىدۇ، ھەر خىل ئىبادەتلەرنى بىرلىكتە ئادا قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يېڭىچە ئىسلامي ھېس، يېڭىچە پائالىيەت روھى بەخش ئېتىدۇ. يۈرىكى ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ئىنسان ئۆلمىگەن بولىدۇ. ھەج پائالىيىتىمۇ دەل ئەنە شۇنداق ئىسلام دىنىنىڭ قەلب ھەرىكىتىدۇر، پۈتۈن جىسمىدىكى قانلارنى ئۆزىگە تارتىپ، تازىلاپ، ساغلاملاشتۇرۇپ يەنە ئورنىغا قايتۇرىدىغان قەلب دولقۇنىدۇر. ئىسلام دىنىي ئىنشائاللاھ، تاكى قىيامەتكە قەدەر ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قالىدۇ. دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر كۈچ ھەر قانچە قىلىپمۇ ئۇنى يوقىتىۋېتەلمەيدۇ.

وآخر دعوانا أن الحمد لله رب االعالمين

www.munber.org